«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

•XINJIANG CIVILIZATION•КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА•



1

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498

2005

# شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي
# جەمئىيىتىنىڭ 1- قۇرۇلتىيىدىن كۆرۈنۈشلەر

www.uyghurkitap.com













بەختى ياقۇپ فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى

54 ـ يىل نەشرى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

2005 ـ يىل 1 ـ سان (ئومۇمىي 271 ـ سان)

# بۇ ساندا

## مەخسۇس سەھىپە

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى ........................ تۇرسۇنگۈل مەھمۇت 2

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز .......... ئىسمائىل تىلىۋالدى 3

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز .............. كۇرەش مەخسۇت 7

ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ ، ئىرىشىپ يېتەلىگىنى مۇستەھكەملەپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ........................ ئابلىز ئابدۇرېھىم 11

ئۆگىنىش ، تەشكىللەش ، ئۇيۇشۇشچانلىق ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ ، ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى ........................ ئابلىز ئابدۇرېھىم 18

## ئۆگىنىش ۋە تەسىرات

ئىلغار مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە........................ ئىمىن تۇرسۇن 21

## مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدە

باشتىن كەچۈردۈم ھەم پۈتتۈم ........................ جۇتاۋ 24

تارىم ۋادىسىدىن جەنۇبىي دېڭىز ساھىلىغىچە ........................ ئەخمەت تۆمۈر 31

## غايە ـــ قەلب قۇياشى

غايىۋى تەربىيە ۋە پائالىيەت ـــ ياش قەلبلەرنى يورۇتقۇچى قۇياشتۇر ........................ مۇكەررەم مۇسا 38

## پەزىلەت ئىگىسى ھەققىدە ھېكايە

70 يىللىق قەرزنى قايتۇرۇش يولىدا ئىزدىنىش ........................ سەلەيجان ئابلىمىت 41

## ئەدەبىيات گۈلزارى

تەدبىرلىك بوۋاي ........................ پەرھاد ياسىن 44

كەچۈر ، مېنى ئاپئاق پەرىشتەم ........................ ئابدۇۋاھىد سېيىت 45

## سادا

ئەدەبىياتىمىزنىڭ قوينى ئىللىقراق بولسا ........................ خەلچەم رېشىت 47

## ئەرنىڭ غېمى ـ ئەلنىڭ غېمى

مەرىپەت مەشئىلى نۇر چاچقان دىيار ........................ ئابدۇۋاھىد توختى 50

## فولكلور تەتقىقاتى

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئامىللىرى ھەققىدە ..... ئە . ئابدۇقادىر 57

## ئەسەر ۋە ھاسىلات

«ئىز ۋە ئۆلگە» ت . ئېلىيېۋ تەتقىقاتىدىكى ئېسىل ئەسەر ........................ ئابدۇسالام توختى 62

## مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيىنىڭ سىرى

تاشتىن گۈل ئۈنۈپ چىقتى ........................ ئىززەت ئابدۇرەھمان 65

## ئوغلانلىرىمىزغا ئاپىرىن

نازۇك روھتىن پالۋانلار روھىغا مەدھىيە ........................ نۇربىيە ياسىن 68

## ئالقىش ۋە ئۈمىد

ئۇلار بولمىسا بولمايدۇ ........................ مۇھەممەد باغراش 71

ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ مەكتىپى «مەشرەپ» يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولسۇن ........................ ئاتىكە زەمىرىي 78

مۇقاۋىدا : رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىدا مۇھىم سۆز قىلدى . بەختى ياقۇپ فوتوسى . مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: زۇنۇن باقى (قوشۇمچە)، (ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



# شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى

## قۇرۇلتايغا ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى ئىككى كۈن داۋاملىشىپ، 28 ـ دېكابىر ئۈرۈمچى «كۇئېنلۇن» مېھمانخانىسىدا ئاياغلاشتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» (لايىھە)نى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتى ۋە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇرلىشىۋاتقان، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ 12 مۇقام فوند جەمئىيىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى» بولۇپ قۇرۇلغان يېڭى ۋەزىيەتتە ئېچىلغان مۇھىم قۇرۇلتاي.

قۇرۇلتايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى خىزمىتى ئەتراپلىق يەكۈنلەندى. سايلام ئارقىلىق بۇ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىز ئابدۇرېھىم شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىقىغا، خەن زىيۇڭ، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، مۇختار مەخسۇت، سۇلايمان ئىمىن، جۇجى، ئابدۇكېرىم رەھمان جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، دىلشاد پەرھات باش كاتىپلىقىغا سايلاندى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قۇرۇلتايغا قاتنىشىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

قۇرۇلتايغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋۇدۇنفۇ، كۈرەش مەخسۇت قاتناشتى. قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا كۈرەش مەخسۇت رىياسەتچىلىك قىلدى.

—تۇرسۇنگۈل مەھمۇت

(شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى)



# شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز

**ئىسمائىل تىلىۋالدى**

(ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى)

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي ـ جايلىرىدا پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇۋاتقان، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى تولۇپ تاشقان ئىپتىخار بىلەن كۈتۈۋېلىنىۋاتقان مۇھىم پەيتتە، بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىنى ئېچىۋاتىمىز. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتىدىكى زور ئىش بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى خىزمىتى ئەتراپلىق يەكۈنلەندى، يېڭى تەتقىقات ئاپپاراتى ۋە يېڭى خىزمەت كوللېكتىپى قۇرۇلدى، نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتىغا كۆپ يىللاردىن بۇيان تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، پېشقەدەم رەھبەرلەر ۋە پېشقەدەم يولداشلاردىن سەممىي ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! يىغىنغا قاتناشقان ھەر مىللەت ئەدىب ـ سەنئەتكارلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىللەت روھىنىڭ مەشئىلى، شۇڭا ئۇ خەلقنى ئالغا بېسىشقا ئۈندەيدىغان چاقىرىق. ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىز «غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش»، «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چاقىرىقنى ياڭرىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دولقۇنىغا بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئاتلىنىشىغا ئىلھام بېرىشى لازىم. بۈگۈن مەن مۇشۇ مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ،

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، مۇنەۋۋەر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىدىغان مۇقەددەس بۇرچنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز لازىم

پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى تەرەققىياتتىن ئىبارەت بىرىنچى ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام، تەكشى تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىيىتى پۈتكۈل مەملىكەتتىكىگە ئوخشاشلا ياخشى بولماقتا.

يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. شۇڭا بىز چوقۇم ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە تەخىرسىزلىك ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىدىغان مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئاڭلىق تۈردە زىممىمىزگە ئېلىپ، «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قايناق ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

## 2. دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەتقىقاتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش لازىم

ئېلىمىزنىڭ تارىخى ئۇزاق، مىللەتلىرى كۆپ. ھەر مىللەت خەلقى 5000 يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مول ۋە رەڭدار مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتتى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسى ئەنە شۇلار ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان نەمۇنە ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى جەھەتتە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ يۆنىلىشىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئۇنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مەزمۇن، شەكىل ۋە ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېڭى شان ـ شەرىپىنى تىرىشىپ يارىتىپ، خەلقنى جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈرتكە ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم. بۇ جەھەتتە بىز تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز شەرت:

**بىرىنچىدىن، يېتەكچى ئىدىيىنى بىر مەنبەلەشتۈرۈش بىلەن كۆپ خىل ئىدىيىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش لازىم.** ئىدېئولوگىيە ساھەسى قۇرۇق بوشلۇق ئەمەس، ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسىنى ماركسىزم ئىگىلىمىسە، ماركسىزمغا، سوتسىيالىزمغا قارشى ھەر خىل خاتا ئىدىيىلەر مۇقەررەر ھالدا ئىگىلەپ كېتىدۇ. يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى باسقۇچىدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ، بەزىدە ھەتتا ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، خەلقئارا ۋەزىيەتتە يېڭى، چوڭقۇر ئۆزگىرىش داۋاملىق يۈز بەرمەكتە، ھەر خىل ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتلەر بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە. دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىزنى غەربچىلەشتۈرۈش، پارچىلاشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك سۇيىقەستى ئۆزگەرگىنى يوق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىز ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەر كۈنسايىن گەۋدىلەنمەكتە، ھەر خىل مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولماقتا. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە تاللاش، پەرقلىق بولۇش خاراكتېرى كۆرۈنەرلىك كۈچەيمەكتە. بۇلار كىشىلەرنىڭ خىزمەت، ئىدىيە ۋە تۇرمۇشىدا ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، بىز ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە يېتەكچىلىك ئورنىدا باشتىن ـ ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتى خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان يېتەكلەش مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتىدا يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.

**ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش لازىم.** ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئاددىي ھالدىلا سىياسىيغا باراۋەر قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ بىر خىل ئالاھىدە ئىدېئولوگىيە، يەنى ئېستېتىك ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سىياسىيدىن تامامەن ئايرىۋېتىپ، سىياسىيدىن ئايرىلغان تەتقىقات ۋە ئىجادىيەتنى «تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق» ئېستېتىك ئىنتىلىش، دەپ قاراش رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس ھەم خاتا. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىيدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەر قانداق تەرەققىيپەرۋەر، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىمى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى، دۆلەتنىڭ ۋە پارتىيىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىماي تۇرالمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەندى. شۇڭا، بىز مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا دەۋر تېمىسى بىلەن كارى بولمايدىغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ سىياسىيدىن چەتنەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز لازىم.

**ئۈچىنچىدىن، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش لازىم.** مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بىزگە خەنزۇ مەدەنىيىتىمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىمۇ تارىخىي ۋارىسلىق جەريانىدا ئۈزلۈكسىز توپلىنىدىغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلىدىغانلىقى، ھەم نىسپىي مۇقىملىققا ۋە تارىخىي داۋاملىشىش خاراكتېرىگە، ھەم دەۋر خاراكتېرى ۋە تارىخىي يۈكسىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ھەر قانداق مەدەنىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى ۋە تەرەققىياتى ئېقىمىغا ئۈزلۈكسىز ئەگىشىپ ئالغا باسقاندىلا، ئاندىن جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىيات جەريانىدا يېڭىلىق يارىتىش شەرت. ھەم ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ھەم مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز، شۇنىڭدەك چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى ۋە بارلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. مەيلى قايسى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تەرەققىي قىلمىسا، يېڭىلىق ياراتمىسا ئىستىقبالى بولمايدۇ؛ ئېچىۋەتمىسە ھەم ئەيىنەك قىلمىسىمۇ ئىستىقبالى بولمايدۇ؛ ئېسىل ئەنئەنىنى ساقلاش بىلەن بىللە، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، خاسلىقىنى ساقلاش بىلەن بىللە، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە ئەيىنەك قىلغاندىلا، ئاندىن گۈللەندۈرگىلى ۋە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلاپ مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى تۇرغانلا گەپ. لېكىن مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتە مۇئەييەن دەۋردىكى ئىلغار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە ئەمەل قىلىنمىغاندا، يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىياتتا چىڭ تۇرمىغاندا، مىللىي مەدەنىيەتتىكى قالاق نەرسىلەرنى ئۈزلۈكسىز چۆرۈپ تاشلىمىغاندا، بىر مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا جەزمەن تەسىر يېتىدۇ، مىللىي مەدەنىيەتمۇ ئۆزىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى بارغانسېرى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇڭا، بىز مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ توغرا مۇئامىلە قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى كونا قائىدىلەرنى ئاڭلىق تۈردە چۆرۈپ تاشلاپ، ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىيات جەريانىدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەتلەش داۋامىدا ئۆستۈرۈپ، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە پائال تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم.

**تۆتىنچىدىن، مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش لازىم.** شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق چېگرا جاي بولغاچقا، مۇقىملىقنى ساقلاش ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەر مەدەنىيەت ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ۋاستە ئارقىلىق بىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. مىللىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، سىياسىي مۇقىملىق ۋە ئىدىيە مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، غەربنىڭ چىرىك پىكىر ئېقىمى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى، دىن ئەسەبىيلىرى تەرغىب قىلغان بەزى ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشىدىن ھوشيار بولۇش، بەزىلەرنىڭ مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاتالمىش مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش ياكى ئەۋج ئالدۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ھوشيار بولۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام سەنئىتىنىڭ ئىجابىي تەربىيە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بۇ ئالاھىدە بەدىئىي شەكىلدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئورتاق ئالغا بېسىش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك تارىخىي ئەنئەنىسىنى قېزىش، مەدھىيىلەش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ «ئىتتىپاقلىق ـــ بىرلىك»، «مۇستەقىل، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش»،

www.uyghurkitap.com

«تىنچلىقنى سۆيۈش»، «توختىماي ئىلگىرىلەش» تەك مىللىي روھنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى «ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» ئۇلۇغۋار ئىشى ئاساسىدا مۇجەسسەملەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزگە يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت ئەنە شۇ.

### 3. ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش لازىم

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق بىر ـ بىرىگە تايىنىپ، ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مول مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ يىغىندىسى ھەم ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش ـ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بېيىتىش، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام سەنئىتى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ـ ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ۋەكىلى ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، كەڭ ئىجتىمائىي تەسىر ۋە ئىنتايىن يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتنى باشتىن ـ ئاخىر پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەر نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى، بىر تۈركۈم پېشقەدەم رەھبەرلەر ۋە پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا، ھەر مىللەت مۇقام تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئەلنەغمىچى، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، 50 نەچچە يىللىق توپلاش، رەتلەش، تولۇقلاش، دەللەش، ئاۋازغا ئېلىش ئارقىلىق يوقىلىپ كېتەي دەپ قالغان بۇ مەدەنىيەت مىراسى ساقلىنىپ قالدى ھەم گۈللىنىۋاتىدۇ. مۇشۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى ئىزچىل تۈردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى، بىزنىڭ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر مۇنچە جايلىرىدا ئۆزگىچە كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە مۇقاملار ئاھاڭلىرىنىڭ مول ۋارىيانتلىرى ساقلانماقتا. يەنە بىر مۇنچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئەلنەغمىلىرى تېخى قېزىلمىدى ۋە رەتلەنمىدى. ئۇلار يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ساقلاپ قېلىنغان كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرى ۋە مۇقام ماتېرىياللىرىنى ئاسراش ئېڭىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ۋە قايتىدىن يوقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بىز چوقۇم مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ۋە زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئازادە مۇھىت ۋە زۆرۈر ماددىي شارائىت يارىتىشىمىز لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقاملارنى تەتقىق قىلىدىغان ئەڭ كەڭ، ئەڭ كۈچلۈك ۋەكىللىككە ۋە ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا، ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۈچىگە ئىگە ئىلمىي تەشكىلات ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىلمىي جەمئىيەت پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، يېتەكلەشنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئاكتىپلىق ئۈستىگە ئېلىشى، پۈتكۈل مەملىكەت ۋە خەلقئارادىكى ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشى لازىم. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە مەدەنىيەتنى باشقۇرغۇچى تارماقلار باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، كاپالەت خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئىشىنىمەنكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مەدەت بېرىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى تەرەققىياتىنىڭ ئىستىقبالى چوقۇم تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

2004 ـ يىل 28 ـ دېكابىر

بەختى ياقۇپ فوتوسى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1- قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز

كۈرەش مەخسۇت
(ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)



يولداشلار:

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1- قۇرۇلتىيى يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جىددىي تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق ئاخىر ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ئەتە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى يولداش ئىسمائىل تىلىۋالدى قۇرۇلتايغا كېلىپ مۇھىم سۆز قىلىدۇ. بىز رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىردەك ئىنتىپاقلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدا تىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىشىمىز لازىم.

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ 12 مۇقام فوند جەمئىيىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان. بۇ ئىلمىي جەمئىيەتلەر قۇرۇلغاندىن بۇيان ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىغا دائىر 13 توم يۈرۈشلۈك كىتاب ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر يۈرۈشلۈك كىتابلار قاتارلىق ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى رەتلەپ، نەشر قىلدۇرۇپ، تارقىتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە 12 مۇقام تەتقىقاتىغا پۇختا ئۇل سېلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. مەن يېڭى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامە» بويىچە خىزمەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە بولۇپ، تېخىمۇ ياخشى ۋە تېخىمۇ كۆپ نەتىجە يارىتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامىنى مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تونۇشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى 1- قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەمدە قۇرۇلتاينىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن!

تۆۋەندە مەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا بىر قانچە پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن:

**1. سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي نۇقتا ۋە دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقىنى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.**

«ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى»دا پارتىيە خەلقنى يېتەكلەپ جۇڭگوچە ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتكۈل پارتىيە، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتەك ئورتاق ئىدىيىۋى ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشى شەرت، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش»، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى، ئىجادچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ قايتا گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تىزگىنلەش كۈچى، تەسىر كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. «قارار» دا تەكىتلەنگەن «ئورتاق ئىدىيىۋى ئاساس» ۋە «ئۈچ ئېھتىياج» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، خىزمەت ۋەزىپىسىگە ئايلىنىشى كېرەك. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىنى «پۈتكۈل پارتىيە، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتەك ئورتاق ئىدىيىۋى ئاساسى»نى چۆرىدەپ قانات يايدۇرغاندا ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىنىڭ نىشانى ئېنىق، ئۈنۈمى روشەن، نەتىجىسى گەۋدىلىك بولىدۇ، جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىنى «ئۈچ ئېھتىياج»نى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇش زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، مىللىي، ئىلمىي، ئاممىۋى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىدۇر. 5 مىڭ يىللىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلغان، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە يىلتىز تارتقان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام قاتارلىق كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت قەدىمكى زامان ئەمگەكچى خەلق ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى، دۇنيا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۆھىرى ھېسابلىنىدۇ. ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئەمگەكچى خەلق ئىنتايىن ئەتىۋارلايدىغان كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مۇقام سەنئىتىنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش»قا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى سەرپ قىلىپ قېزىش، تەتقىق قىلىش، رەتلەش ۋە ئاسراشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىز «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەت مەدەنىيەت تارماقلىرىنى رازى قىلغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇشۇ ساھەدىكى ئىلمىي تەتقىقاتتا پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭدۇق. بۇ يەردە مەن كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە مۇنداق بىر قانچە چوڭ مۇۋەپپەقىيەتنى ئەسلەپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ: ئىككى يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى ب د ت نىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدۇق. دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىردىنبىر كۆرسىتىلگەن تۈر سۈپىتىدە ئۇنى ب د ت پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇندى؛ بەش يىلدىن كۆپرەك تىرىشىش ئارقىلىق بىز 12 مۇقامنىڭ CD, VCD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى تاماملىدۇق. ھازىر 12 مۇقامنىڭ ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئىنگلىز، ئەرەب يېزىقلىرىدىكى DVD پلاستىنكىسى ئىشلىنىۋاتىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق مەرىكىسىدىن بۇرۇن مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلماقچى. شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى ۋە باشقا سەنئەت ئۆمەكلىرى ئورۇندىغان مۇقاملار ۋە مۇقاملار ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن، ئىجاد قىلىنغان ناخشا ـ ئۇسسۇللار مەملىكەت ئىچى، چەت ئەللەردە قويۇلۇپ كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن بىز تېخىمۇ يۇقىرى قىزغىنلىق ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك ئەقىل ـ پاراسىتىمىز بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامنى قېزىش، رەتلەش ۋە بۇ كلاسسىك مىراسلارنى مەنبە ۋە خۇرۇچ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، بۇ سەنئەت دۇردانىلىرىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. مانا بۇ دەۋر بىزگە يۈكلىگەن باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم تارىخىي ۋەزىپە. بىز سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي نۇقتا ۋە دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، زىممىمىزدىكى تارىخىي ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقى، تەخىرسىزلىكى ۋە پۇرسەتنىڭ غەنىيمەتلىكىنى ھېس قىلىشىمىز لازىم. «ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئىنژېنېرى»غا خاس ساداقەتمەنلىك بىزنى مىللەتلەرنىڭ خەلق كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە تېخىمۇ مۇكەممەللىك ۋە بىجانىدىللىق ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېيىتالايدىغان، مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرەلەيدىغان تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى قېزىپ، توپلاپ، رەتلەپ، كىشىلەرنى نادىر ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت دەۋر مەسئۇلىيىتىنى زىممىمىزگە ئېلىشقا ئۈندەيدۇ.

سوتسيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ئۇقتا ۋە دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇش ئۈچۈن قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىشتا، مەزمۇن، شەكىل ۋە ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش بىر مىللەتنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشىنىڭ روھىي ئاساسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام قاتارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت بايلىقىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ مەنىۋى ئاساسىدۇر. هازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشمەن دەيدىكەن، «ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، هازىرقى خىزمىتىنى مەركەز قىلىپ، تەتقىقات ۋە يېڭىلىق يارىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىدە دەۋر روھى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئۇنى خەلق ئۈچۈن، سوتسيالىزم ئۈچۈن، پارتىيە ۋە هۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم.

**2. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىم**

«ج ك پ 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى»دا مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىلمىي جەمئىيەت ئەل ئىچى ئىجتىمائىي تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەزمەن بازارغا يۈزلىنىپ، تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېهتىياجىنى قاندۇرۇشقا قارىتىپ، ئادەملەرنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن هەممە تەرەپتىن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئىلمىي جەمئىيەت ئىسلاھاتنى قەتئىي ئېغىشماستىن ئىلگىرى سۈرگەندىلا ئاندىن ئاساسنى تېخىمۇ پۇختا سېلىپ، تەرەققىياتتا زاپاس كۈچكە ئىگە بولالايدۇ.

ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىقلار بايلىقى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىختىساسلىقلار ئادەم بايلىقى ئىچىدە يۇقىرى بىلىم ۋە ساپاغا، يېڭىلىق يارىتىش روهىغا ئىگە، گەۋدىلىك نەتىجە قازانغان كىشىلەر هېسابلىنىدۇ. مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلار ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىلغار مەدەنىيەت ياراتقۇچىلار، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى تايانچ كۈچ هېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ئىشنى ياخشى باشلاپ، قەدەمنى ياخشى تاشلاپ، ئادەمنى ئاساس قىلىپ، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئىلمىي جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈچۈن ياخشى تەتقىقات شارائىتى ۋە ئۇلارنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان ئىجتىمائىي مۇهىت يارىتىشى؛ ئىلمىي جەمئىيەتنى جۇشقۇنلۇققا، هاياتىي كۈچكە تولغان، جەلپكارلىق، ئۇيۇشقاقلىققا، چاقىرىق كۈچىگە ئىگە تەشكىلات قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

ئىختىساسلىقلار بولغانىكەن، يەنە ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىيالايدىغان ياخشى مېخانىزم ئورنىتىلىشى كېرەك. ئىختىساسلىقلار بايلىقى ياخشى تەقسىملەنسە ئۇنىڭ بازارغا يۈزلىنىپ رىقابەت كۈچى هاسىل قىلىش ئاساسى پۇختا بولىدۇ. بازارغا يۈزلىنىپ رىقابەت كۈچى هاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ دائىرىسى كەڭ، ئۇچۇر مەنبەسى مول، جەمئىيەتتىكى نوپۇزى ئۈستۈن ۋە تەسىر كۈچى زور بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازارنى تايانچ قىلىش ئارقىلىق ئۈنۈم ۋە قىممىتىنى ئاشۇرۇشى لازىم. شۇڭا، سىياسەتتىن ئوبدان ۋە جانلىق پايدىلىنىپ، ئىلمىي جەمئىيەت ۋە جەمئىيەتتىكى بىزگە ئەسقاتىدىغان بارلىق ئىختىساسلىقلارنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆز شارائىتىمىزغا يارىشا هەر قايسى ساهە، پەن، رايون، هەتتا دۆلەت چېگرىسىدىن هالقىغان هەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى زورايتىشىمىز ۋە كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

**3. سوتسيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتى ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينى ئوبدان ئېچىپ، يېڭى ئىلمىي جەمئىيەت رەهبەرلىك كوللېكتىپىنى ئوبدان سايلاپ چىقىش لازىم**

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئۈچ ئىلمىي جەمئىيەت بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئېچىلغان تۇنجى قۇرۇلتاي، شۇنداقلا يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى تۇنجى قۇرۇلتاي هېسابلىنىدۇ. يىغىندا تەييارلىق كۆرۈش هەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللىنىدۇ؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» (لايىهە) مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزىتىلىدۇ؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتى، دائىمىي مۇدىرىيىتى ۋە جەمئىيەت باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى سايلاپ چىقىلىدۇ؛ 1 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي جەمئىيەت كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باش كاتىبى بېكىتىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەت نىشانى ۋە ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ،

www.uyghurkitap.com

چوڭ ـ چوڭ تەتقىقات تۈرلىرى ۋە تېمىسى بېكىتىلىدۇ. دېمەك ۋەزىپىمىز ئىنتايىن ئېغىر. قىسقىغىنە ئىككى كۈن ئىچىدە قۇرۇلتايدا بېكىتىلگەن كۈنتەرتىپلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ئۇنى ئىتتىپاقلىق قۇرۇلتىيى، غەيرەتكە كېلىش قۇرۇلتىيى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان قۇرۇلتاي قىلىپ ئېچىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ـ كۇشادە پىكىر بايان قىلىدىغان، ئەقىل كۆرسىتىدىغان ئىلمىي كەيپىيات يارىتىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، «نىزامنامە»نى ئوبدان تۈزىتىپ، تەرەققىيات پروگراممىسىنى ئوبدان تۈزۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پروگراممىسىنى ئوبدان تۈزۈپ، مەزكۇر ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى يىغىپ، ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نىسبىتى ۋە قۇرۇلتاينىڭ ئۈنۈملۈكلىكىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا دائىر چوڭ ئىشلار ۋە مۇھىم ئىشلار مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ـ كۆتۈرەلمەسلىك، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، مۇقام ۋە باشقا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈرلىرىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، دۇنيادا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تەسىر پەيدا قىلىش ـ قىلالماسلىق بىز تۈزگەن تەرەققىيات يۆنىلىشى، تەتقىقات نىشانى ۋە ئىلمىي نەتىجىلىرىمىزگە زىچ مۇناسىۋەتلىك؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆزىمىزنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى بويىچە دېموكراتىك كېڭىشىش ۋە ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق، كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان، دادىل يېڭىلىق يارىتالايدىغان رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى سايلاپ چىقىشىمىز لازىم.

قۇرۇلتاي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يېڭىدىن سايلانغان رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە خىزمەت ئورگىنى ئۆز خىزمىتىنى باشلايدۇ، كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشقا كىرىشىدۇ. مەن كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، زور نەتىجە يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مانا بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈمىدى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى. ئەمەلىي ئىشلىگەن ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئاشىدۇ. ئەمەلىي نەتىجە ياراتقاندىلا جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھەر قانداق ئۇزۇن سەپەرمۇ تۇنجى قەدەمدىن باشلىنىدۇ. بىز ھەربىر خىزمەتنى پۇختا ۋە بىجانىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، تۇتقان ھەر بىر ئىشىمىزدا نەتىجە يارىتىدىغانلا بولساق ئىستىقبالىمىز تېخىمۇ پارلاق، ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

كېلەر يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق شانلىق مەرىكىسى. بۇ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى چۆرىدەپ تېما تاللاپ، تۈر تۇرغۇزۇپ، تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى يارىتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئىلمىي جەمئىيەت يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپى جەزمەن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇشتىن ئىبارەت دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سەرخىل قوشۇن تەشكىللەپ، قايتا ـ قايتا تاللاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە، جەمئىيەتكە تارقىلالايدىغان، دۇنياغا يۈزلىنەلەيدىغان، ئىلمىي قىممىتى ۋە تەتقىقات قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نەمۇنىلىك تېمىلارنى تېزدىن بېكىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈر تۇرغۇزۇپ تەستىقلىشىغا سۇنۇپ، بازارلاشتۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىش، بىرلىشىپ ئىشلەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر قولىمىزغا ئالغان تۈرلەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، سۈرئەتنى تېزلىتىپ، ئاما بىلەن بالدۇرراق يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە تىرىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك.

يولداشلار:

بىز ھازىر ئۇلۇغ ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرىۋاتىمىز. ئىسلاھات دەۋرىدە بىز تېخىمۇ ئەستايىدىل ئىلمىي ئىستىل، ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئەمەلىيەتچىل روھ، چىنلىق ئىستىلى ئارقىلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام قاتارلىق كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت بايلىقى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىنى توپلاش، رەتلەش، قېزىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى بارلىق كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇپ، دەۋر روھىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭى ۋەزىيەت ۋە دەۋر ئېھتىياجىغا، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ مەدەنىيەتتە پائال يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يېڭى ۋە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى.

2004 ـ يىل 27 ـ دېكابىر

بەختى ياقۇپ فوتوسى

# ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، تىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

ئابلىز ئابدۇرېھىم
(شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى)



ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر:

مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسىغا بىنائەن قۇرۇلتايغا خىزمەت دوكلاتى بېرىپ ئۆتمەكچىمەن. قىممەتلىك پىكىر- تەكلىپلىرىڭىزلەرنى بەرگەيسىزلەر.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ 12 مۇقام فوند جەمئىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ جەمئىيەت بىرلەشتۈرۈلۈپ شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى بولۇپ قۇرۇلغان يېڭى ۋەزىيەتتە ئېچىلغان، تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىدىغان مۇھىم قۇرۇلتاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي تېمىسى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، قېزىش، رەتلەپ نەشر قىلىش داۋامىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش»قا خىزمەت قىلدۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

## 1. ھازىرغىچە ئىشلىگەن مۇھىم خىزمەتلىرىمىز ۋە ئاساسىي تەجرىبىلەر

بۇ ئۈچ ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلۇپ ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، غەمخورلۇق قىلىشى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ مەدەتى ۋە ياردىمىدە بارلىق ئەزالار، ھەيئەتلەر، دائىمىي ھەيئەتلەر ۋە كونكرېت خىزمەت ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرى ۋە مۇقاملارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. بۇ ساھەدىكى خىزمەتلىرىمىزدە يېڭى ئىلمىي كەيپىيات بارلىققا كەلدى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نوپۇزى ئېشىپ دۆلىتىمىز ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى تەسىرى بارغانسېرى زورايدى.

### 1. ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدىكى يېڭىچە ئىلگىرىلەش مۇقامنى دۇنياغا يۈزلەندۈردى

ئالدىنقى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلمىي جەمئىيەت باشلىقى يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە خىزمەتلەرنى ناھايىتى تېز يۈرۈشتۈردى ھەمدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرنى ياراتتى.

1) 1992 - يىلى 12 مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە ئىلمىي ماقالىلەرنى توپلاپ «ئۇيغۇر 12 مۇقامى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى ۋە «يەكەندە ئېچىلغان شىنجاڭ بويىچە 2 - نۆۋەتلىك 12 مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماتېرىياللىرى توپلىمى» نى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا نەشر قىلىپ 5000 نۇسخا تارقاتتى.

2) 1993 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر تارىخىي، ئىلمىي،

رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئىنگلىز، ياپون قاتارلىق تۆت خىل يېزىقتا 30 مىڭ نۇسخا بېسىپ تارقاتتى.

3) 1994 ـ يىلى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ھەر بىرىنى بىر تومدىن كىتاب قىلىپ، بىر يۈرۈش 12 كىتابتىن جەمئىي 21 مىڭ 600 نۇسخا نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتى.

4)1995 ـ يىلى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە 12 مۇقامغا دائىر ئۇيغۇر يېزىقىدا 25 توم، خەنزۇ يېزىقىدا بەش توم، جەمئىي 30 توم كىتابنى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا ئاتاپ نەشر قىلدۇردى.

5) 1996 ـ يىلى 12 مۇقامنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان «ئابى چەشمە» نى قېزىپ، رەتلەپ، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ۋە CDپلاستىنكىسى قىلىپ ئىشلىدى.

6) 1997 ـ يىلى «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ناملىق 13 توم كىتاب ۋە «12 مۇقام ھەققىدە» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇرۇپ، جەمئىي 14 مىڭ نۇسخا باستۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر يۈرۈش 13 توم كىتابتىكى مۇقام تېكىستلىرىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئىككى خىل نۇسخىدا يېزىش ۋە ئۇنىڭ خەلقئارا ترانسكرىپسىيىسىنى قوشۇمچە قىلىش، خەلقئارالىق بەش سىزىقلىق نوتىسىنى ئىشلەش، تېكىستلەرگە ئىزاھات بېرىش ۋە شەرھىيلەش، ئېتىمولوگىيىسىنى چۈشەندۈرۈش ھەم لۇغەت قاتارلىق 11 تارماق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل، يۈرۈشلۈك كىتاب قىلىش ئۈچۈن ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىندى.

7) 1999 ـ يىلى «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە—قۇتادغۇبىلىك» (ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدىكى نۇسخىسى)، «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى رۇبائىيلار»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى تەبىئەت بىلىملىرى» قاتارلىق بەش مەخسۇس كىتابنى نەشر قىلدۇردى.

بۇ ئۈچ ئىلمىي جەمئىيەت يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن يەكەن، مەكىت، ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە مەملىكەتلىك 12 مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، دولان مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇرى، شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980 يىللىقى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 928 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

بۇ ئىلمىي جەمئىيەت يەكەندە مۇقام ئۇستازى ئامانىساخانىڭ مەقبەرىسى ۋە ھەيكىلىنى ياساتتى. ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تونۇشتۇرۇلغان بەش قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلمى ئىشلىدى.

يېقىنقى ئەسىر بىزگە قۇچاق ئاچقاندا، ئىلمىي جەمئىيەت ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا كەلگۈسى بەش يىللىق تەرەققىياتىنىڭ زور پىلانىنى تۈزدى ھەمدە تېزلا يولغا قويدى. كىشىلەر 2001 ـ يىلنى «نەۋائىي يىلى» دېسە، 2002 ـ يىلنى «12 مۇقام يىلى» دەپ ئاتاشتى. بۇ تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ بولدى. 2001 ـ يىلى ئىلمىي جەمئىيەت 16 نەپەر ئالىم ـ مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان تەھرىر ھەيئىتى تەشكىللەپ، «نەۋائىي شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار»، «بۈيۈك شائىر ئەلشىر نەۋائىي توغرىسىدا ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» (ئۇيغۇر يېزىقىدا)، «بۈيۈك شائىر نەۋائىي توغرىسىدا ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» (خەنزۇ يېزىقىدا) قاتارلىق بەش توم كىتابنى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەرلەر، بولۇپمۇ «نەۋائىي شېئىرلىرىدىن تاللانما» دېگەن بۇ كلاسسىك شېئىرلار توپلىمى جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىدى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى ۋە بىر قىسىم ئۆلكىلىك (شەھەرلىك)، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېفون بېرىپ، خەت ئەۋەتىپ، «نەۋائىي شېئىرلىرىدىن تاللانما»نى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئىلمىي جەمئىيەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 2001 ـ يىلى 7 ـ دېكابىردىن 10 ـ دېكابىرغىچە بېيجىڭدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

چوڭ ھەجىملىك (13 توملۇق) كىتاب «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، دەرھال جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ DVD, VCD, CDپلاستىنكىلىرىنى ئىشلەپ نەشر قىلىشنىڭ زور پىلانى تۈزۈلدى. 1998 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى باشلامچى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پائال ماسلىشىشى بىلەن بۇ نەشر قىلىش زور قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى. 2002 ـ يىلى 18 ـ دېكابىرغا قەدەر 12 مۇقامنىڭ 24 سائەتلىكتىن تۆت خىل تىلدىكىCD پلاستىنكىلىرى ۋە 12 سائەتلىكتىن VCD پلاستىنكىلىرىنى تولۇق ئىشلەپ بولدۇق. دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن بېيجىڭ «خەلق» سارىيىدا بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتۇق. يىغىنغا دۆلەت رەھبەرلىرى، دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىن ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىلىرى ۋە مۇخبىرلار قاتناشتى. چەت ئەللەرنىڭ مۇخبىرلىرى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن كېيىن يەنە جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتۇق. چەت ئەللەرنىڭ ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرى ۋە چەت ئەللەرنىڭ دۆلىتىمىزدىكى باش ئەلچىخانىلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنغا قاتناشتى. نەچچە ئون ئالىم ـ مۇتەخەسسىس يىغىندا ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقىدى.

2002 ـ يىلى مايدا «جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن ھۆزۇرلىنىڭ» ناملىق 53 قىسىملىق (جەمئىي 1590 مىنۇتلۇق) چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق مەخسۇس فىلىم مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 3 ـ يۈرۈش پروگراممىسىدا ھەر ھەپتىدە بىر قىسىمدىن (تەكرارى قوشۇلۇپ 60 مىنۇت)

www.uyghurkitap.com

2003 ـ يىلى ئاپرېلنىڭ ئاخىرىغىچە كۆرسىتىلدى. مەركىزىي
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ مۇنداق چوڭ
كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ھېسابلىنى-
دۇ. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت
مەركىزىنىڭ مەسئۇلى: جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى بەك ئېسىل
ئىكەن، بۇ، جۇڭگو مەدەنىيىتىدە كەم ئۇچرايدىغان نادىر
ئەسەرلەرنىڭ گۈلتاجىسى ئىكەن. ئۇنى پۈتكۈل مەملىكەت ۋە
دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ
مەجبۇرىيىتى ھەم ۋەزىپىسى، دېدى.
2003 ـ يىلى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئۇيغۇر، خەنزۇ
ئىنگلىز، ئەرەب قاتارلىق تۆت يېزىقتىكى DVD پلاستىنكى-
لىرىنى ئىشلەش خىزمىتى باشلاندى، بۇ يىل بازارغا سېلىنىدۇ.
2003 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە مۇناسىۋەتلىك ئالىم ـ
مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا «جۇڭگو ئۇي-
غۇر 12 مۇقامى قامۇسى»، «جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئىلمىي
تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» نىڭ ئورىگىنالى سېلىشتۇ-
رۇلماقتا. «جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى سۈرەتلەر توپلىمى»
نىڭ سۈرەتلىرىنى يىغىپ رەتلەش قەدىمى يەنىمۇ تېزلىتىل-
دى. كېلەر يىلى بۇ ئۈچ كىتاب نەشر قىلىپ تارقىتىلىدۇ. بۇ بۇ
يىل ئۆكتەبىردە بىز ئاۋات ناھىيىسىدە «دولان مۇقامى ئىل-
مىي مۇھاكىمە يىغىنى» نى ئېچىپ، يەرلىك مۇقاملار ئىلمىي
تەتقىقاتى پائالىيىتىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق.
ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر:
جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرى ۋە
جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش،
تارقىتىش خىزمىتىدە مۇشۇنداق شانلىق نەتىجىلەرنىڭ قولغا
كەلتۈرۈلگەنلىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆ-
كۈمىتىنىڭ بۇ ئىلمىي خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەن-
لىكى، بارلىق كۈچى بىلەن قوللىغانلىقى ۋە ئاساسلىق مەدە-
نىيەت قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە تۇتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى جۇڭگو ئۇيغۇر
مۇقاملىرى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ قىممەت-
لىك تارىخىي مەدەنىيەت مىراسىنى قۇتقۇزۇش، توپلاش ۋە
رەتلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاپتونوم را-
يونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ئا-
ساسلىق رەھبەرلىرى بۇ ئىلمىي خىزمەتنى بىۋاسىتە ئورۇن-
لاشتۇردى ۋە ئاساسلىق تۇتتى. ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى
تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ 12 مۇقامنى ئورۇندىشى ۋە مۇزىكى-
شۇناس ۋەن تۇڭشۇ قاتارلىق مۇزىكا خادىملىرى خەلق ئى-
چىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ زور كۆپچىلىك
قىسمىنىڭ ئاھاڭى ۋە تېكىستلىرىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىشى ھەمدە
خەلقئارا نوتا ئارقىلىق 12 مۇقامنىڭ ئاھاڭلىرىنى خاتىرىلەپ
رەتلەپ چىقىشى بىلەن «شەرق مۇزىكىسىدىكى بۇ بىباھا
گۆھەر» قۇتقۇزۇۋېلىندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا
ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى توپلاش، رەتلەشتە يۇقىرى پەللە ـ تېخ-
نىكا ۋاستىسى قوللىنىلدى. رەھبەرلەرنىڭ كۈچلۈك قوللىشى،
كۆيلىگەن سەنئەتكار، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسنىڭ جاپالىق ئىل-
مىي ئىزدىنىشى، قېلىپلاشتۇرۇشى، تولۇقلىشى ۋە مۇكەممەل-
لەشتۈرۈشى ئارقىلىق مۇكەممەل بولغان جۇڭگو ئۇيغۇر 12
مۇقامى ئاخىر ۋۇجۇدقا چىقتى.
2002 ـ يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇ-
قام سەنئىتىنى ب د ت نىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مى-
راسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشنىڭ دەسلەپ-
كى مەزگىللىك تەييارلىق خىزمىتى يەنىمۇ تېزلىتىلدى. نۆ-
ۋەتتە، بۇ تۈر دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئېتىراپ
قىلىشىغا ئېرىشتى. جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ
دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىدىن ئو-
رۇن ئېلىشىغا ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى.

## 2. شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈزلۈك-سىز قېلىپلىشىپ، ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى

يېڭى ئەسىر كىرگەندىن بۇيان بىز پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش،
تەرەققىياتنى تېزلىتىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، جانلاندۇ-
رۇشتىن ئىبارەت يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىلمىي
جەمئىيەتنىڭ خىزمەت تۈزۈمى، ئۆگىنىش تۈزۈمى، تېمىلار
تەتقىقاتىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى
قاتارلىق بىر قاتار ئىچكى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورناتتۇق
ۋە مۇكەممەللەشتۈردۇق. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى
خاراكتېرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش يېڭى باسقۇچقا كىردى. ئىلمىي
جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ۋە خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقى،
تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقى زور دەرىجىدە قوزغىل-
تىلىپ، خىزمەت ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، تېما تەتقىقات
سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى
مىراسلىرى ۋە مۇقاملارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەشتىن ئى-
بارەت تەتقىقات خىزمىتىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ،
ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تېز، يۇقىرى ئۈ-
نۈملۈك، ساغلام، تەرتىپلىك راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى
سۈردى.

## 3. ئىجتىمائىي ئالاقىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت-تىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردۇق

ئىلمىي جەمئىيىتىمىز مول مەنىۋى بايلىق مەنبەسىگە ئى-
گە، ئەمما مەبلىغى كەم ئاممىۋى تەشكىلات. ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتى ۋە مۇقامدىن ئىبارەت مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي
مەسئۇلىيەتنى ۋە دەۋر ئاتا قىلغان بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش،
شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ
كۈچىگە تايىنىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەر تەرەپتىن مەبلەغ

توپلاپ، ئەستە قولغا كەلگەن مەبلەغنى ياخشى باشقۇرۇپ، جايىغا ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنى مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. بۇ يەردە مەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى نامىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت ياردىتىدىغان، پۈتكۈل ئەل تەشەككۈر ئېيتىدىغان بۇ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزغا پۇل ۋە كۈچىنى ئايىماي مەردلىك بىلەن ياردەم قىلغان كىشىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ۋە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن! جەمئىيىتىمىزنىڭ سابىق باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتكە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيىسىدىن ئاجراتقان زور مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشىپلا قالماي، يەنە جەمئىيەتتىكى سەنئەتسۆيەر نۇرغۇن كارخانىچى، سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەر، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قەدەر ھاللىق زاتلار بۇ شانلىق ئىشىمىز ئۈچۈن مەردانىلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلىپ، تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. بۇ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرى ۋە مۇقاملارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە بۇ ھەقتە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش خىزمىتى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك ئېتىبارى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن شەرەپلىك ئىش، جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن ئەھمىيەتلىك ئىش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق رازى بولغان، ھىمايە قىلغان ئىش. بىز مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىقى، بۇ ئىلمىي ۋەزىپىنىڭ مۈشكۈل ۋە جاپالىق ئىكەنلىكىنى تەخىرسىزلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

ئىلمىي جەمئىيەت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە تۈرلۈك تېما تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ھەر خىل راسخوتلارنى تەييارلاشنىڭ تولىمۇ مۈشكۈللۈكىنى ئوبدان بىلىمىز. شۇڭا بىز تىرىشچان، ئىقتىسادچىل بولۇش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئاز پۇل بىلەن كۆپ ئىش قىلىش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ، پۇلنى ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا ئىشلەتتۇق.

## 4. بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، دۇنياغا يۈزلىنىش قەدىمىنى تېزلەتتۇق

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر 12 مۇقامى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقى، دۇنياغا تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆرنىكى. چۈنكى ئۇ شىنجاڭدىن ئىبارەت قۇرۇقلۇق مەدەنىيىتى، دېڭىز ـ ئوكيان مەدەنىيىتى، شەرق مەدەنىيىتى، غەرب مەدەنىيىتى ۋە يىپەك يولى مەدەنىيەتلىرى ئۆزئارا گىرەلەشكەن جايدا پەيدا بولغان. قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى، بابىلون مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت «تۆت چوڭ مەدەنىيەت» شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. ئۆزئارا سىڭىشىش ۋە يېڭىلىنىش، تاۋلىنىپ ساپلىشىش ئارقىلىق كامالەتكە يېتىپ، دۇنيا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان گۆھەرگە ئايلانغان. مىللىي خۇسۇسىيەت بولغاندىلا ئۆزگىچىلىك بولىدۇ، ئۆزگىچىلىك بولغاندىلا دۇنياۋىلىق بولىدۇ. بىز 21 ـ ئەسىر مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرى ۋە مۇقاملارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە بۇ جەھەتتە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش خىزمىتىگە يېتەكچى قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئىلمىي تەتقىقاتتا بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، دۇنياغا يۈزلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز بېسىپ ئۆتكەن تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەسلىگىنىمىزدە، «ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش»، ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش ئىلمىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىنى ئومۇميۈزلۈك ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم. بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنى زورايتىش، كۈچەيتىش ھەمدە بۇ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنىڭ جەمئىيەتنى قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىرىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرالايمىز. 2002 ـ يىلى بىزنىڭ مەملىكەت بويىچە «12 مۇقام شاملى»نى چىقارغانلىقىمىز بۇ ئىلمىي خىزمەتنىڭ ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەنگەنلىكىنىڭ تىپىك مىسالى. «جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە 12 مۇقام ھادىسىسى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق داڭلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئىلمىي ئورگانلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر بۇ مەدەنىيەت ھادىسىسى ئۈستىدە ئىجابىي مۇھاكىمىلەرنى قانات يايدۇرماقتا. «جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى ھادىسىسى» چەت ئەللەرنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغاشقا باشلىدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز تۈزگەن تەتقىقاتتا بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، دۇنياغا يۈزلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت ئىلىم ـ پەن فاڭجېنىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرگەندىلا

ئاندىن بۇ جەھەتتە تېخىمۇ زور ئىشلارنى قىلالايمىز ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلالايمىز.

## 5. ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئۆگىنىش تىپىدىكى تەشكىلات بولۇشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە

ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز يېڭى ئەسىر، يېڭى تارىخىي باسقۇچتا ئۆگىنىش تىپىدىكى تەشكىلات قۇرۇش بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۆگىنىش تىپىدىكى تەشكىلات دېگەن ئورتاق تونۇش ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى پائالقانات يايدۇردى. ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز ئەزالىرىنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېپيېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق بىر تەشكىلات ياكى ئورگان كىشىلەرنى كەسىپ ئارقىلىقلا يېتەكلىمەستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئورتاق تونۇش ئارقىلىق ئالغا يېتەكلىشى كېرەك. ئورتاق غايە، ئىتتىپاقلىشىپ بىر مەقسەت، بىر نىيەتتە كۈرەش قىلىش نىشانى، ئورتاق ئىستەكنىڭ ھەممىسىنى ئورتاق تونۇشقا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. ئورتاق تونۇش بولغاندا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرگىلى، روھنى ئۇرغۇتقىلى، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغىلى، ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق غايە، ئورتاق ئىستەك، ئورتاق كۈرەش قىلىش داۋامىدا ھاسىل قىلغان يېڭىچە ئورتاق تونۇشى تەدرىجىي تەپەككۇر كۈچى بولۇپ شەكىللىنىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز يەنە تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى بولغان نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۇنى نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشىمىز، ئۆگىنىش تىپىدىكى تەشكىلات قۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى جەلپ قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، زورايتىشىمىز لازىم.

## 6. ئىقتىسادىي گەۋدىلەردە يېڭى گۈللىنىش بارلىققا كەلدى

جەمئىيىتىمىز ئاۋات ناھىيىسىدە قۇرغان «مۇقام» دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرى ئوبدان يۈرۈشۈش باسقۇچىغا كىردى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن روشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈلۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

يېڭى ئەسىر يېتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بەش يىل خىزمەت ئىشلەش، باشقۇرۇشنى ئۆگەنگەن ۋە كەسىپ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېزلەشكەن بەش يىل بولدى. بىز بۇ جەرياندا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە قىممەتلىك ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولدۇق:

1) «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، «قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش»، زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشتىن ئىبارەت تەتقىقات يۆنىلىشىدە ۋە «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ ئورنى ۋە رولىنى تولۇق تونۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرى ۋە مۇقاملارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، كۆپرەك نەتىجە يارىتىپ، تېز نەتىجە قازىنىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى خەلق ياقتۇرىدىغان، قىزىقىپ كۆرىدىغان، ئاڭلايدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

2) ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات تۈرلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ، تىرىشىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقاتتا باشتىن ـ ئاخىر بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، تەتقىقات ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش ۋە كۆپرەك نەتىجە يارىتىشنى تەرەققىيات قەدىمىمىزدىكى بىرىنچى مۇھىم ئىش دەپ بىلىشىمىز، تەرەققىياتنى تەۋرەنمەس چوڭ قائىدە دەپ تونۇشىمىز لازىم.

3) دۇنياۋى نەزەر بىلەن كۆز قاراش ۋە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت ئىلمىي روھ بىلەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى دۆلىتىمىز ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە، تېخىمۇ زور دائىرىدە تارقىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

4) ئىجتىمائىي كۈچلەرگە تايىنىپ تۈرلۈك بايلىق مەنبەلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، تەتقىقات بايلىق مەنبەسى بىلەن بازار بايلىقى مەنبەسىنى ئەللاشتۇرۇپ سەپلەش ۋە ئەڭ ياخشى تەشكىللەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقلار ئاساسىدا ئۆزئارا تولۇقلاش، قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئورتاق گۈللىنىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

5) تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش، مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىشىمىز، كەسپلەشتۈرۈش قەدىمى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ھەم ئۇنىڭ تارماق ئورگانلىرى بىلەن تىجارەت ئەمەلىي گەۋدىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ۋە يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە زورايتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

## 2. بىز دۇچ كېلىدىغان ۋەزىيەت ھەم ۋەزىپىلەر

كەلگۈسى بەش يىلدىن ئون يىلغىچە بولغان ۋاقىت، ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر يېڭى تارىخىي پۇرسەت مەزگىلى. شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈچ چوڭ تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى: بىرى، «غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ـ تەرەققىي قىلدۇرۇش»تىن ئىبارەت چوڭ ياخشى پۇرسەت؛ يەنە بىرى، شىنجاڭنىڭ ئېلىمىزنىڭ بايلىق مەنبەسى جەھەتتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى بولۇشىدەك چوڭ ياخشى پۇرسەت؛ ئۈچىنچىسى، دۇنيا دىققەت نەزىرىنى شىنجاڭغا قاراتقان چوڭ ياخشى پۇرسەت. شۇڭا پۇرسەتنى قولدىن بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ. مۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە پەيتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇش، پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىق، پۇرسەتتىن پايدىلىنىش، ئاندىن ھالقىش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆزىمىزنى زورايتالايمىز، تەرەققىي قىلدۇرالايمىز. ئىلگىرى بىز نۇرغۇن پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان، شۇنداقلا بەزى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپمۇ قويغان. پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن مەزگىلدە خىزمەتلىرىمىز ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشتى، ئىشلىرىمىز جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ، مەغرۇر يۈرەلىدۇق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، پۇرسەت يېنىمىزدىن «غىپ» قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەندە خىزمەتتە پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالدۇق، ئىشلىرىمىزدا چېكىنىش يۈز بەردى. شۇڭا بىز پۇرسەتنى توغرا تاللاپ چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، كېيىنكى بەش يىلدىن ئون يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدىغان مەزگىل. كىشىلەرنىڭ رىقابەت ئېڭى، بازار ئېڭى، بەسلىشىش ئېڭى، يېڭىلىققا، ئۆزىنى كۈچەيتىشكە، غەلىبە قىلىشقا ئىنتىلىش پسىخىكىسى ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ، بازار رىقابىتى تېخىمۇ كەسكىن بولىدۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتماي ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرمىگەندە ئىلگىرىلىيەلمەيمىز، ھەتتا ئارقىغا چېكىنىمىز. شۇڭا، كەسكىن بازار رىقابىتىدە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پايدىلىق ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۇرسەتنى ئالدىنئالا چىڭ ئىگىلىيەلەيمىز.

مىڭ تەستە قولغا كەلگەن ئىستراتېگىيىلىك پۇرسەت مەزگىلىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 16 ـ قۇرۇلتاي 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھى بويىچە تەرەققىيات ئىمكانىيىتىنى كېڭەيتىپ، تەتقىقاتنىڭ مەزمۇن، خاراكتېرىنى بېكىتىپ، ئىلمىي مۇھاكىمىلەشتۈرۈش، كەسپلەشتۈرۈش تەرەققىيات يولىدا مېڭىش لازىم. ئىلمىي مۇھاكىمىلەشتۈرۈش دېگىنىمىز، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ماسلاشتۇرۇش، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش، مەۋقەنى «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، ئۇنى جامائەت ياقتۇرۇپ ئالقىشلايدىغان، قىزىقىپ كۆرىدىغان جەلپكارلىققا يەتكۈزۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش؛ «قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش»قا كۈچ سەرپ قىلىش؛ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش، تەسىرلەندۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت. ئىلگىرىكىدەك كۆرۈش ۋە ئاڭلاش دائىرىسى تار بولغان، كەڭ كۆلەمدە جەمئىيەتلىشەلمەيدىغان، شۇنداقلا ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئەڭ زور دائىرىدە ئىشقا ئاشۇرالمايدىغان بولۇپ قالماسلىقى لازىم. كەسپلەشتۈرۈش دېگىنىمىز، تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنى تاۋارلاشتۇرۇش يولىنى تېزراق تېپىش دېگەنلىكتۇر. تەتقىقاتىمىز ئاممىغا يۈزلەنسۇن ـ بازارلىق بولسۇن دەيدىكەنمىز، ئۇ جامائەتنىڭ قىزىق نۇقتىسى ۋە مۇلاھىزە ـ مۇھاكىمىلىرىنىڭ جەلپكار نۇقتىسىغا ئايلىنىشى كېرەك. يەنىمۇ كۆپ ئورگان ۋە تەشكىلات بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ تەتقىقاتنى ئورتاق ئېچىش، ئورتاق پايدىلىنىشنى خالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى زورايتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇرۇنقىدەك نەشر قىلىپ تارقىتىۋالساقلا بولدى، كىشىلەر كۆرەمدۇ، كۆرمەمدۇ، قانچىلىك ئادەم كۆرىدۇ، ئۇنىڭ بىز بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، دېمەسلىكىمىز لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قىلىدىغان خىزمەتلىرى ھەقىقەتەن شۇنچە كۆپ ۋە جاپالىق. لېكىن قىيىنچىلىق ۋە ھەل قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى خىزمىتى باشتىن ـ ئاخىر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەركىزىي خىزمەت. ئەگەر ئىدىيىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلمىساق ياكى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغاندىمۇ ئۆز ۋاقتىدا قىلمىساق، ئىلمىي مۇھاكىمىلەشتۈرۈش ۋە كەسپلەشتۈرۈش جەھەتتىكى تونۇشىمىزنى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرالمىساق، رىقابەت تولىمۇ كەسكىن بولۇۋاتقان بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بىز ھامان پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز، ھەتتا ھېچنېمىنى ئوتتۇرىغا

ئېلىپ چىقالماي قالىمىز. شۇڭا، بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ زور خىرىس ئاڭ فورماتسىيىسىدىن كېلىدۇ. كۆز قاراشتا بۇرۇلۇش ياساپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان بولساق ئاكتىپ-تەشەببۇسكار بولىمىز، ئىشلىرىمىزنى سالماقلىق بىلەن غەلىبىلىك ئېلىپ بارالايمىز. بۇ نۇقتىنى بازىرى ئىتتىك بولۇۋاتقان جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ VCD، CD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەشتىنلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر سىستېما قۇرۇلۇشى. ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىشى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى ئەزالىرىمىزنىڭ پائالىيىتى يەككە ھالدا ئېلىپ بارىدىغان تاق يۆنىلىشلىك پائالىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدا پۈتۈنلۈك، سىستېمىلىق قوللاش كەم بولىدۇ. جەمئىيەت باشلىقى، دائىمىي ھەيئەتلەر ۋە كاتىبات باشقارمىسى قاتارلىق ئورگانلارنىڭلا ئىدىيىنى ئازاد قىلىشى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى كۇپايە قىلمايدۇ، چۈنكى يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ ئۆزئارا ئالاقە باغلىنىشى، چۈشىنىشى كەم بولسا، ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش بولمىسا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئامال بولماي قالىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ بارلىق ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى تەشكىلىي ئورگانلىرى ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشنى بىرىنچى ئېھتىياج دەپ بىلسە، ئاندىن ھەقىقىي كۈچلۈك مەنىۋى كۈچ ھاسىل بولۇپ ئۇنى كۈچلۈك ماددىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئالدىمىزدىكى بەش يىلدىن ئون يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا ئۈزۈلدۈرمەي، قەتئىي بوشاشماي ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىسەكلا، ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتالايمىز، تەتقىقاتتا سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئۆتەلەيمىز. پات ئارىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قىزىقىپ ئوقۇيدىغان، ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرالايمىز.

ئومۇمەن ئالغاندا، بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتىمىزدا تۆۋەندىكى فاڭجېندا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم: بىرىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى خىزمىتىگە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ئىككىنچى، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىكى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدىكى يېڭىلىق يارىتىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تېزدىن جەمئىيەتنىڭ ئىدىيىۋى كۈچى، مەدەنىيەت كۈچى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر:

ئالدىنقى نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى «2003-يىلدىن 2008-يىلغىچە بولغان خىزمەت ۋە تەتقىقات پىلانى»دا تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقاملارنى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش، بۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتا، پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئاغزاكى كۆچۈپ يۈرگەن مۇقاملارنىڭ ئاھاڭلىرىنى، مەشرەپ ۋە ئەلنەغمە، داستانچىلىق قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى لېنتىغا ياكى پلاستىنكىغا ئېلىش كېرەك. ئىككىنچى، تەتقىقات ۋە رەتلەش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى جەھەتتىكى مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات پائالىيىتىنى پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، ھەر بىر مۇقام ئۈستىدە نۇقتىلىق تەتقىقات ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئامما ئارىسىدا تېز ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقات ۋە كەسىپ قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك. بەشىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقاملارنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئالتىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرى ۋە مۇقاملارنى خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، بۇ مۇنەۋۋەر مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى خەنزۇلار ۋە مەملىكەت ئىچى ھەم چەت ئەللەردىكى باشقا مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش كېرەك. يەتتىنچى، فوند ھەيئىتى تەسىس قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ توپلاپ، تەتقىقات ۋە نەشر قىلىش، تارقىتىشتا يېتەرلىك مەبلەغ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تەييارلىق ھەيئىتىمىز دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇشقا ئىلتىماس سۇنۇش» تىن ئىبارەت بۇ بىر ماددىنى قوشتى. بارلىق ئەزالار ۋە رەھبىرىي ئورگان ھەم جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ زىچ ماسلىشىشى بولمىسا، بۇ سەككىز چوڭ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئىنتايىن قىيىن.

## 3. روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، كەسپىمىزنى سۆيۈپ ۋە تۆھپە يارىتىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر:

ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ 12 مۇقام فوند جەمئىيىتى ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلدى. بۈگۈندىن باشلاپ يېڭىدىن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى يېپيېڭى قىياپەت بىلەن بۇ ئۈچ جەمئىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ ئۈچ جەمئىيەت ئورۇنداپ بولالمىغان ئىلمىي خىزمەتلەرنى يۈكسەك ئىلمىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ. بىز بۇ ئۈچ جەمئىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلى، روھىي مەنىۋى بايلىق ۋە ئۈلگە دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان نۇرغۇن تەجرىبىنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز. ئۇنىڭ ئەڭ تۈپ تەجرىبىسى نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ دادىل يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت تەقدىم قىلىش روھى، بىر ـ بىرىدىن سىر يوشۇرماسلىقتەك ھەمكارلىشىش روھى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك كەسپچانلىق روھى ۋە نام ـ مەنپەت قوغلاشماسلىقتەك تەتقىقات روھى. بۇ ئۈچ جەمئىيەت بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تۆت خىل روھ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ۋە ماددىي كۈچى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەككىز چوڭ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بۇ تۆت خىل روھنى داۋاملىق ساقلاش ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر ئالدىدا بىز قانداق روھقا موھتاج؟ يەنە مۇنداق بىر نەچچە خىل روھنىڭ، يەنى قىلچە بىپەرۋالىق قىلماسلىق، ئىشنى ئەستايىدىل تۈجۈپىلەپ ئىشلەش ۋە ھەممە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىرادە تىكلەش روھنىڭ بولۇشى زۆرۈر. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىمىز ۋە تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزدىن ئىبارەت. تارىخنىڭ ئۆزى بىر ئەينەك، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئەينەن خاتىرىلىنىشى. تارىخنى ئىلمىي، ئەينەن، ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈش، تارىخقا لىللا باھا بېرىش ئۈچۈن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ساختىسىنى چىقىرىۋېتىپ ھەقىقىيسىنى ساقلاپ قېلىش، ئىلمىي ئىگىلەش، سۆزدە پاكىت بولۇش لازىم. قىلچە بىپەرۋالىق قىلماسلىق دېگەننىڭ مەنىسى مانا شۇ. ئىنچىكە، ئەستايىدىل بولۇش دېگەندە، مۇھىمى ئىلمىي تەھلىل، ھۆكۈم ۋە خۇلاسە بولۇش تەكىتلىنىدۇ. ئەسلىدە بار بولغان ماتېرىياللارنى قايتا ـ قايتا تاللاپ، سېلىشتۇرۇپ، بارلىق خۇلاسە، كۆز قاراشلارنى ئىسپاتلاپ، ئىلمىي مۇنازىرىنى قانات يايدۇرۇپ، قارشى جەھەتتىنمۇ ئىسپاتلاپ ھەم دەلىللەپ، بۇنىڭدىن شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىپ، ئەڭ توغرا يەكۈنگە ئېرىشىش لازىم.

بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقاملىرىدىكى مىراسلىرىمىزنى قازغان، رەتلىگەن ۋە قۇتقۇزغاندا ھەم تارىخقا مەسئۇل بولۇشىمىز، ھەم رېئاللىققا مەسئۇل بولۇشىمىز، مۇھىمى، بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز ئەمەلىيەت ۋە ۋاقىتنىڭ قوش سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشى لازىم. بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىرادە تىكلىگەندە ئويلىغىنىمىز بىر يەردىن چىقىدۇ، كۈچنى يىغقىلى، مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدۇ، ئاندىن بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە قىسقا ۋاقىتتا ئەڭ زور ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھەممەيلەن بىر نىيەتكە كەلگەندە ئاندىن گېپىمىز بىر يەردىن چىقىپ، كۈچنى تېجىگىلى، ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا مەدەت بېرىپ، ئۆزئارا رىغبەتلەندۈرۈپ، زور ئىلمىي تەتقىقات كۈچى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەن روھ بولغاندىلا شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ھەر قانداق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىپ ئۆز تەتقىقاتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يارىتالايدۇ.

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر:

يېڭى ئەسىر يېڭى دەۋردىكى ئىلىم ئوغلانلىرىنىڭ يېڭى ـ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىغا موھتاج. يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىمىزدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە بارلىق خادىملار ئورتاق غايە، ئورتاق ئېتىقاد ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقۇسى!

2004 ـ يىل 27 ـ دېكابىر

بەختى ياقۇپ فوتوسى

# ئۆگىنىش، تەشكىللەش، ئۇيۇشۇشچانلىق، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىمەن

——شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش نۇتقى

ئابلىز ئابدۇرېھىم

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر:

ۋەكىللەرنىڭ ماڭا تولۇق ئىشەنگەنلىكىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. مەن ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن پۈتكۈل ئەقىل ـ پاراستىمنى ئىشقا سېلىپ ئىشلەشكە بەل باغلىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن «ئۆگىنىش، تەشكىللەش، ئۇيۇشۇشچانلىق، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىدە تۈپتىن بۇرۇلۇش ياساپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىش»نى

ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ماڭا يۈكلىگەن بۇرچى ۋە ئۈمىدىنى ئاقلايمەن. ئۆز خىزمىتىمنى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بېجانىدىل ئىشلەيمەن.

بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۆگىنىش، ئىزدىنىش تارىخى. نۆۋەتتىكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، بىلىم ـ ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش، كۆپ خىللاشتۇرۇش، يېڭىلاشنى جىددىي تەقەززا قىلماقتا. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرى ۋە مۇقاملارنى بايقاش، قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش، تارقىتىش ئۆگىنىشتىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ. «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش» — بىلىم قۇرۇلمىمىزنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش يۈكسەك ئىلمىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان تەتقىقات خىزمىتىمىزدىكى 1 ـ دەرىجىلىك مۇھىم ئىشىمىزدۇر. تەتقىقاتنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش داۋاملىق ئۆگىنىش، ئىزدىنىش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامىنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، نۆۋەتتىكى «ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بولسا ئۆگىنىشتىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ. ئۆگىنىش خاراكتېرىدىكى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىدە ئۆگىنىش بىر كىشىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتىكى پەزىلىتى، شۇنداقلا بىر ئىلمىي تەشكىلاتنىڭ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى، تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنىڭ نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۆگىنىشتىن مەقسەت ئىشلىتىش، خىزمەتلەرنى يۇقىرى ساپالىق ئىلمىي باسقۇچقا كۆتۈرۈش، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، يېڭى ۋە يۈكسەك پەللىگە ئۆرلەش ئۈچۈندۇر. مانا بۇ ئۆگىنىش روھى. ئۆگىنىش روھى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز ئەزالىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىدا — بىر ئىلمىي تەشكىلاتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىدا ئەكس ئېتىدۇ. ئۆگىنىش روھى ئىلمىي ئىدىيىۋى كۈچ، مەدەنىيەت كۈچى، پائالىيەت كۈچى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. «ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» يېڭى ۋەزىيىتىدە كىمكى ئۆگىنىش روھىنى كۈچەيتەلىسە، ئۆستۈرەلىسە شۇ بىر قەدەم ئالدىدا ماڭغۇچى سىياسىئون، ئىلمىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، ئىلىم ـ پەننىڭ بىرەر ساھەسىدە يېتەكلىگۈچى ۋە يول ئاچقۇچى بولالايدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ـ مەن ۋە بىزنىڭ بۇ رەھبەرلىك كوللېكتىپىمىز، بۇ ئىلمىي تەشكىلاتىمىزنىڭ ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئۆگىنىش روھى، مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش ئىقتىدارى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئىقتىدارى، پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 16 ـ قۇرۇلتاي 3 ـ ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. بىز ئىلىم ـ پەن رىقابىتىدە «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىش»، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، داۋاملىق يېڭى نەتىجە يارىتىش روھى بىلەن ئۆگىنىش، تەتقىقات بەيگىسىدە ئۈزۈپ چىقالايدىغان غالىبلاردىن بولۇشىمىز لازىم.

ئىككىنچىدىن، تەشكىللەش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. بىر ئىلمىي تەشكىلاتنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى ئەڭ روشەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئامىل تەشكىلاتچى ۋە شۇ ئىلمىي تەشكىلاتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاياتىي كۈچى. جەمئىيىتىمىز ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھەقىقىي بىر ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى بولسۇن، جەمئىيىتىمىزدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر مۇكەممەل بىر ئىلمىي گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشسۇن دەيدىكەنمىز، بۇنىڭدا ئالدى بىلەن باشلامچىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا باشلامچى ۋە بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان، تىنچ، دېموكراتىك ئىلمىي مۇھىت يارىتىلغان، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر تەتقىقاتتا ئۆزئارا ماسلاشقان، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ئۆزئارا مۇستەھكەم ئۇيۇشقان بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادىي ھەمكارلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشى لازىم. بۇ ئىجابىي ئامىللارنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ يېڭىلمەس كۈچ ھاسىل قىلىش بىز تەكىتلىگەن تەشكىللەش ئىقتىدارىنىڭ نامايەندىسىدۇر. تەشكىللەش ئىقتىدارى تەشكىللەش كۈچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەشكىللەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش تەشكىللەش تەدبىرى، ئىلمىي باشقۇرۇش، ئىلمىي يوسۇندا قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنىيەت ئىزىغا سېلىش، شۇنداقلا تەشكىلىي پائالىيەت، تەشكىلىي جەريان، تەشكىلىي تەرتىپنىڭ مۇۋاپىقلىقى، ئىلمىي ـ بەدىئىي سۈپەت، ئىجتىمائىيلىقنى كۈچەيتىش، ئىجرا قىلىشتا ئىشقا ئاشىدۇ. ئىقتىساد يەر شارىلىشىۋاتقان، دۇنيا بىلىم ئىگىلىكى ۋە ئۇچۇر دەۋرىگە كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە، بىز تەكىتلەپ ئۆتكەن شەرتلەرنى ھازىرلىغان تەشكىلىي كۈچ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ نەق ئۆزى شۇ. بىز پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنى بازارلاشتۇرىمىز، كەسپلەشتۈرىمىز، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ

ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىمىز دەيدىكەنمىز، تەشكىلىي كۈچىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىي ۋە تەشكىلاتچانلىق ساپاسىنى كۈچەيتىشىمىز، تەشكىلاتىمىزنىڭ ئېسىل ئىلمىي ئىناۋەت ـ ئوبرازىنى تىكلەشتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ئىشنى چىڭ تۇتۇشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

ئۈچىنچىدىن، ئۇيۇشۇشچانلىقىمىزنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. جۇڭگودا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ساماندەك كۆپ، قۇمدەك چېچىلاڭغۇ بولۇش بىر خىل ئورتاقلىق ياكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. سۈرۈشتۈرگەندە، بۇنىڭ تۈپكى مەنبەسى ئۇيۇشۇشچانلىقنىڭ ئاجىزلىقىدا. ئۇيۇشۇشچانلىقنىڭ ئاجىزلىقى شۇ تەشكىلاتنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەبلەردىن باشقا يەنە تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ چۇۋالچاق، تەتقىقات كۈچىنىڭ تارقاقلىقى يەنە بىر سەۋەب بولسىمۇ، ئەزالارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشى، باشباشتاقلىقىمۇ بىر سەۋەب. تۆپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇشچانلىقى ئاجىز، ھاياتىي كۈچى جانسىز بولۇشىدىن كېلىپ چىققان. ئۇيۇشۇشچانلىقنى كۈچەيتىشتە ئالدى بىلەن ئىلمىيلىك ۋە كەڭ دېموكراتىيىنى تەكىتلەش زۆرۈر. بۇنىڭدىن كېيىن ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزدە بىرىنچىدىن، دېموكراتىك ئىستىل، ئىلمىي روھ ۋە كەيپىياتنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزئارا سىردىشىش ۋە چۈشىنىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئىلمىي، مەدەنىي پائالىيەتلەرنى كۆپرەك قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيىتىمىز ئەزالىرىنىڭ ئىنتىلىشى ۋە ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىدىغان ئىلىم ھاۋاسى قويۇق، كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان سورۇن ھازىرلاپ بېرىشىمىز لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، تەتقىقات ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىپ ۋە بۇنىڭغا يېتەرلىك ئىقتىسادىي ئاساسنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ راسخوتى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم؛ تۆتىنچىدىن، رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىكىلەر جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىن كەڭ كۆلەمدە دوست تۇتۇپ، دائىمىي ھەيئەتلەر كېڭىشى ۋە كاتىبات باشقارمىسىنى جەمئىيىتىمىز ئەزالىرىنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي سورۇنى ۋە ئائىلىسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە جەمئىيىتىمىز ئەزالىرى ئارىسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەت جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىچكى ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسى. مەن رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى بەجاندىل تونۇپ ھەم ئادا قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن بارلىقىمىزنى ئايىمايمىز.

تۆتىنچىدىن، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامى جۇڭگودىن دۇنياغا يۈزلەندۈرۈلۈشتە بىز تېخى يېڭى ئۇزۇن سەپەرنىڭ تۇنجى قەدىمىنىلا باستۇق. بۇ ئۇلۇغۋار غايە ۋە نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنكى مەنزىلىمىز تېخى ناھايىتى ئۇزۇن. بىز بۇنىڭدىن كېيىن باسىدىغان ھەر بىر قەدىمىمىزدە ئەجدادلارغا يۈز كېلەلىگۈدەك، ئەۋلادلارغا ئۆرنەك بولالىغۇدەك ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ، غايەت زور ئىلمىي ئىجتىھات بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۇلۇغۋار غايىمىزگە يېتىشىمىز ئۈچۈن غايەت زور قۇربان بېرىش روھى بىلەن ئۆمۈرۋايەت جاپالىق ئىزدىنىشىمىز، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدا قىيىن ـ مۈرەككەپ تېمىلارغا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش روھى بىلەن يۈرۈش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بوشاشماي، ئۈمىدسىزلەنمەي زور جاسارەت بىلەن ئىزدەنگەن ـ تىرىشقاندىلا سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە ـ ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئۆستۈرۈش باسقۇچىغا ئۆتكىلى بولىدۇ. شۇڭا بىز ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنى بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەزىپە ۋە نىشاننى مۇددەتتىن ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەمەلىي كۈچ بەرپا قىلىشىمىز لازىم. «ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» دېگەن مىزاندا چىڭ تۇرۇپ، قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن قارار، ۋەزىپە، نىشان ۋە كونكرېت خىزمەتلەرنىڭ تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن «ئۆگىنىش، تەشكىللەش، ئۇيۇشۇشچانلىق، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش» دېگەن خىزمەت ئىرادەم ئارقىلىق ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىمنى ئاياغلاشتۇرماقچىمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل داۋامىدا ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر بىلەن قان قېرىنداشلاردەك ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈشكە ئىشەنچىم كامىل. بىز بارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقاملارنى بايقاش، قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنى جۇڭگودىن دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش مۇساپىسىدە يېڭى ـ پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى. ئىتتىپاقلىشىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، يېڭى نەتىجىلىرىمىز بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رازى بولغىدەك جاۋاب قايتۇرايلى!

كۆپچىلىكنىڭ مېنى قوللىغانلىقى ۋە ماڭا ئىشەنگەنلىكىگە رەھمەت!

2004 ـ يىل 28 ـ دېكابىر

www.uyghurkitap.com



# ئىلغار مەدەنىيەت ۋە ئامما

ئىمىن تۇرسۇن

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىدە مەدەنىيەتنىڭ ئىلغارلىق مەسىلىسى مۇھىم بىر پروبلېما سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم مەدەنىيەتنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ئومۇمىي ـ ئورتاقلىقى ئېتىراپ قىلىنغان.

ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلمىي مەزمۇنى، مەنىۋى ماھىيىتى ۋە تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى نىمىلەردىن ئىبارەت؟ بىرىنچى، ئىلغار مەدەنىيەت ئۈستقۇرۇلما سۈپىتىدە، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى بىلەن بىردەكتۇر. بىرەر مەدەنىيەتنىڭ ئىلغارلىقى ياكى ئىلغار ئەمەسلىكى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، شۇ مەدەنىيەت ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشى ياكى بولماسلىقى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئىككىنچى، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ چىقىش ھەم جۇشۇش نۇقتىلىرى خەلق ئاممىسىدۇر. ئۈچىنچى، ئىلغار مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن ماسلاشقان، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ قېلىپلار بىلەن ئۇيغۇنلاشقان، جۇڭخۇا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغان بولىدۇ. تۆتىنچى، ئىلغار مەدەنىيەت يېڭىلىق گىنى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ، زامان بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدۇ، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىدىكى تەرەققىيات ـ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بارىدۇ، يەنى مۇستەھكەم مىللىي ئۇلغا (نېگىزگە) ۋە تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە، ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ قىممىتى ھەم ئېستېتىكىلىق زوقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق نەتىجىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە قوبۇل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىدىكى كونىلىق ھەم قالاق نەرسىلەرنى دادىللىق بىلەن چۆرۈۋېتەلەيدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ ئىلغارلىقى بىلەن قالاقلىقى، ياخشىسى بىلەن يامىنى، ئېسىلى بىلەن ئوسلىنى ئايرىيدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان يۇقىرى مىزان خەلق ئاممىسىنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە ئومۇمىي بولۇش دەرىجىسىدۇر. يەنى، مەدەنىيەتنى تەمىر قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، خەلقنىڭ ئۇنى ھىمايە قىلغانلىقى ياكى قىلمىغانلىقىغا، خەلقنىڭ ئۇنىڭدىن رازى بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا، خەلقنىڭ ئۇنى ماقۇللىغان ياكى ماقۇللىمىغانلىقىغا، ئۇنىڭدىن خۇشال بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا قارىلىدۇ. دېمەك، مەدەنىيەت

www.uyghurkitap.com

مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمتىيازلىق ئىستېمالچىلىرى خەلق ئاممىسىدۇر.

ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش نىشانىسى بولىدۇ. بۇ ئىلگىرىلەش يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى: 1. مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىدا يېڭىلىق يارىتىش، دۇنياۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىقبالىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن جەلپكارلىقى كۈچلۈك ۋە تەسىرچانلىقى زور بولغان، دۇنيانى غۇلغۇلىغا كەلتۈرەلەيدىغان ئىلغار مەدەنىيەتنى ئىجاد قىلىش؛ 2. مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك خاسلىق ۋە كارخانىلىق خاسلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىش ـ چۈشىنىش، ئاممىغا يۈزلىنىش،بازارغا يۈزلىنىش؛ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات مېخانىزمى ۋەباشقۇرۇلۇش قۇرۇلمىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە مەركىزىي ھالقىسى سوتسىيالىستىك ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتۇر؛ خەلقنىڭ رېئال ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇش ھەم خەلقنىڭ ساپاسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى نەزەردە تۇتۇش، شۇنىڭدەك، ئادەمنىڭ ھەر تەرەپلىمە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

ھازىر تەكىتلىنىۋاتقان مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ـ مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش ۋە يېتىلدۈرۈشتۇر.

بۈگۈنكى دېيىلىۋاتقان ئىلغار مەدەنىيەت زامانىۋىلىششقا يۈزلەنگەن، دۇنياغا يۈزلەنگەن، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، مىللىي، ئىلمىي، ئاممىۋى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتۇر. بۇنىڭدا ئېيتىلغان ئۈچ يۈزلىنىش ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيپەرۋەرلىك (يەنى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى)نىڭ مۇقەررەر تەلىپىدۇر؛

مىللىيلىقى ــ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، مىللىي مەدەنىيەت روھنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇرغۇتۇشنىڭ مۇقەررەر تاللىشىدۇر؛

ئىلمىيلىقى ــ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار بولۇشىغا تېگىشلىك شەرتتۇر؛

ئاممىۋىلىقى ــ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر ھالقىسىدۇر.

ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى مەزمۇن ۋە ئۇسۇللىرىدىن بىرى، شۇنىڭدەك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىق خۇسۇسىيىتى بولغان ئەنئەنىنى ئالساق، بۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم مەسىلە.

ئەنئەنە دېگەن نېمە؟ ئەنئەنە ــ تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئوي ـ پىكىر، ئەدەب ـ ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، سەنئەت، تۇرمۇش تۈزۈمى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەنئەنە پسىخولوگىيىلىك ھالەت، ئادەت ـ يوسۇنلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئەنئەنە ئېتنو مەدەنىيەت بىلەن چىڭ باغلانغان بولىدۇ. شۇنداقلا، ئېتنو مەدەنىيەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تارىخىي ئەنئەنىلەردۇر. مىللىي ئەنئەنىنىڭ مېغىزى شۇكى، مىللەتنىڭ ھايات چۈشەنچىلىرى، ئەدەب ـ ئەخلاق يوسۇنلىرى، سەنئەت پائالىيەتلىرى، ئادىمىيلىك مىزانلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن مىللىي مەنىۋىيەت، پسىخىكىلىق ھالەت. ئەنئەنە مەدەنىي، ئىقتىسادىي ھاياتتا ئومۇمىي مىللەت ئېتىراپ قىلىدىغان، ئومۇمىي مىللەتنى توغرا ـ ھالال ياشاشقا دەۋەت قىلىدىغان مەنىۋى قەدىرىيەتتۇر. ئەنئەنە راۋاجلىنىدۇ، يۈكسىلىدۇ، زامان بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە كاشىلا بولىدىغان سەلبىي نەرسىلەرنى تاشلايدۇ، يېڭىلىقلار بىلەن تۇسلىنىپ بارىدۇ، لېكىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.

دېمەك، زامانىۋىلىششقا يۈزلىنىش مەسىلىسىدە بىلىم، نەزەرىيە، سەنئەتنى يېڭىلاش، ناتوغرا ئادەتلەرنى تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. توغرىراقى، يېڭىلىق يارىتىش دېگىنىمىزدە ئەنئەنىگە دۈچ كېلىمىز ۋە ئەنئەنىنى ئۇلاش (داۋاملاشتۇرۇش) كېرەكلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەنئەنىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئەنئەنە ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن نېمىلەرنى بىلدۈرۈدىغانلىقى، ئەنئەنىنىڭ نىسبىي ئەھمىيىتى، ئەنئەنىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى فۇنكسىيىسى، رولى، شۇنىڭدەك يوشۇرۇن تەسىرىنى ۋە ھەرىكەت كۈچىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

بىز نىسبەتچىلىك دەۋرىدە ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن ئەنئەنىۋى مەنىۋى بايلىق يېڭى تارىخىي شارائىتتا رېئاللىق بىلەن ئۈنۈملۈك ماسلىشىپ كېتەلمەسلىكى مۇمكىن.

جۇڭگو مەدەنىيەت ئەنئەنىسى «4 ـ ماي» دەۋرىدە ئەمەس، بەلكى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىچكى جەھەتتىن بەربات بولۇشقا باشلىدى، دېگەن قاراشنى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ياقلايدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە پەيدا بولغان «جەدىتچىلىك» (يېڭىلىق ياراتقۇچىلار نۇقتىئىنەزىرى) ھەرىكىتىدە خىرىسقا دۈچ كەلدى، لېكىن بەربات بولمىدى؛ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش شارائىتىدىن مەيدانغا كەلگەن ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتتىن ئىبارەت چوڭ خىرىسقا دۈچ كەلدى.

مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىلمىسا، خىرىس ئالدىدا ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش مەدەنىيەتنىڭ جېنى، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ روھى ۋە خىسلىتىدۇر. ئىلغار مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئاكتىپ ھالدا

يېڭىلىق يارىتىشتا. ئەمما، كونا مەدەنىيەتنى چۆرۈۋېتىپ،
يېڭى مەدەنىيەتنى ئۆزگىدىن شۇنداقلا قوبۇل قىلىش ئە-
مەس، بەلكى كونىسى ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش. ھازىرقى
تاۋارلاشقان، تېخنىكىلاشقان جەمئىيەتتە، جەمئىيەتنى ئىشقا
سالىدىغان قانۇنىيەتنى تاۋارلىشىش—تېخنىكىلىشىش ئامىلى
بەلگىلەيدۇ. تاۋارلىشىش — تېخنىكىلىشىش ئامىلى تەبىئى
يوسۇندا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش تەرزلىرى ۋە روھىي ھالەت-
لىرىگە قاتتىق ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ
جۈملىدىن ئەنئەنىنىڭ كونا ۋە سەلبىي تەرەپلىرى جەمئى-
يەتنى ئىشقا سالىدىغان قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن كەلمەي قا-
لىدۇ. بۇ ھالدا، كونا ۋە سەلبىي تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىش،
زۆرۈر تېپىلغاندا قايتىدىن قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك،
ئەنئەنىگە مۇجەسسەملەنگەن مەزمۇنلاردىن ئۆي-پىكىر،
ئۆرپ-ئادەت، سەنئەت ۋە ياشاش ئۇسۇللىرىدا يېڭى-
لىقنى قوبۇل قىلىش، يەنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىلغار مەدە-
نىيەتتىكى ئۈچ يۈزلىنىشكە ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىل-
مىيلىقىغا ماس كەلمەيدىغان كونىلىقلاردىن ۋاز كېچىش،
بولۇپمۇ ئۆرپ-ئادەتكە سىڭىپ كەتكەن ئەللەتلەرنى
ئۆزگەرتىش—بۇ مىللىي ساپانى يۇكسەلدۇرۇشنىڭ تەقەز-
زاسى. يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشتا ئىككى خىل خاھىشنىڭ
تۇغۇلۇشى تەبىئىي. بىر خاھىش شۇكى، باشقىلاردىن (بو-
لۇپمۇ غەربلىكلەردىن، كونىچە ئېيتقاندا نىسارالاردىن) ئۆ-
گىنىش ۋە يېڭىلىق قوبۇل قىلىشنى يەكلەش پوزىتسىيىسىدە
بولۇش. بۇنداق خاھىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۆز قا-
راشنىڭ ماھىيىتى شۇكى، ئۆزگىلەردىن ئۆگىنىپ، شۇلار
قىلغاننى قىلسا، شۇ قەۋمدىن سانىلىپ قالىدۇ. ۋەھالەنكى،
بىز «نىسارالار» دىن نۇرغۇن يەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى
ئۆگەندۇق. مەسىلەن، ئادەتتىكى ماشىنا-تراكتور، پويىز،
ئايروپىلان، تېلېگراف ۋە ھاكازا، ھەتتا ئىگىن-ئاياغ، يې-
مەك-ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى جەھەتلىرى-
دىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدۇق. ئەمما «نىسارالار»
غا ئۆزگىرىپ كەتمىدۇق. بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا شۇكى،
ئۇلاردىن ئۆگەنگەندە چىرىك ئىدىيە-ئەخلاق ۋە يامان
ئەللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالماسلىق كېرەك؛ يەنى ئەقىدە-مە-
نىۋىيەت ئالاھىدىلىكىمىزنى ساقلاش كېرەك. بۇ ھەل قىل-
غۇچ ئۆلچەم.

يەنە بىر خاھىش شۇكى، يېڭىلىق يارىتىش دەپ، ئۇزاق
زاماندىن كېلىۋاتقان ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بىر
يولىلا ئىنكار قىلىپ، كونىلىققا چىقىرىۋېتىش، ئەنئەنىنى دا-
ۋاملاشتۇرۇشنى مۇتەئەسسىپلىك دەپ ئەيىبلەش، يەنى مىل-
لىي ئەنئەنىنى ياقتۇرماسلىق قارىشىدا بولۇش. بۇ ئىنكار-
چىلىقتۇر. بۇ خاھىشنى قوللىغانلىق ئۆزلۈكنى ئۇنتۇغانلىق
بولىدۇ. ئۆزلۈكنى ئۇنتۇغان ئادەم ئۆز مىللىتىنى ئۇنتۇيدۇ.

ئىلغار مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە
ماسلىشىشى شەرت. شۇنداق ئىكەن، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىمۇ
بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ.

بازار ئىگىلىكى تارىخىي يەڭگۈشلىنىشنىڭ ئاساسلىق
سەۋەبى. بازار ئىگىلىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش
بىلەن بىللە، دۇنيانى چۈشىنىشىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. بازار
ئىگىلىكى بىر خىل ئىقتىسادىي قۇرۇلما، شۇنىڭدەك مۇ-
كەممەل بىر يۈرۈش قىممەت سىستېمىسىدۇر، ھەتتا ئۇنى
بىر خىل ئىدېئولوگىيە دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بازار ئىگىلىكى-
نىڭ ئەڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى شەخسنىڭ نەپسىنى ئېتىراپ
قىلىشتۇر. كىشىلەر كۆپ ھاللاردا بازارغا قانداقتۇ ئالىيجاناب
مەقسەتنى كۆزلەپ ئەمەس، مەنپەئەتنى-پايدا-نەپنى
كۆزلەپ كىرىدۇ. شۇڭا، مەنپەئەتپەرەسلەشكەن قىممەت قا-
رىشى بازار ئىگىلىكىگە تايىنىپ ئۆسىدۇ ۋە كىرمەيدىغان
تۆشۈكى يوقتەك سىڭىش قۇدرىتى بىلەن كىشىلەر تۇرمۇ-
شىنىڭ ھەممە تەرىپىگە سىڭىۋېرىدۇ؛ ماسلاشقانلار راۋاج
تاپىدىغان، قارشىلاشقانلار ھالاك بولىدىغان ۋەزىيەتنى
شەكىللەندۈرىدۇ. بازار ئىگىلىكى ئىنسابنىڭ قانۇنىيلىقى
كونترول قىلىۋاتقان رېئاللىقنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ
قانۇنىيىتى شۇكى، پايدا-نەپ (مەنپەئەت) ئەڭ چوڭ پ-
رىنسىپ. بۇ پرىنسىپ ئالدىدا ۋىجداننىڭ قارشىلىقى كۈچ
ئېلىشالمايدۇ، شەخسلىك (شەخسىي پەزىلەت، ئىندىۋىدۇ.
ئاللىق)نى ساقلاپ قېلىش ئىنتايىن تەس. بولۇپمۇ بازار
ئاخىرلىشىشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، غايىچىلىكنىمۇ ئېتىراپ
قىلمايدۇ.

دېمەك، ئىلغار مەدەنىيەت بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەن-
گەندە، مەدەنىيەتنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش مۇھىم
مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر پۇقرالارنىڭ
ئەخلاق قۇرۇلۇشى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ئېسىل ئەدەب-ئەخ-
لاق مىزانلىرىغا رىئايە قىلىشنى تەكىتلەش خەلقنىڭ جانىجان
مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. مۇشۇنداق شەرتلىرى بولغاچقا،
بىز دەۋاتقان بازار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلى-
كىدۇر.

باش شۇجى خۇجىنتاۋنىڭ «بىرىنچى ئىيۇل نۇتقى» ۋە
ئۇ شەرھلەنگەن ماقالىلارنى ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغان
چۈشەنچىلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇلاھىزىسىگە سۇندۇم.
تەقرىز قىلغايلا.

## تىلشۇناس، ئەدىب، تەتقىقاتچى، جامائەت ئەربابى، مۇھتەرەم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ 80 ياشقا تولغانلىقىنى قۇتلۇقلايمىز

www.uyghurkitap.com



# باشتىن كەچۈردۈم ھەم پۈتتۈم

—بېيجىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى سارىيىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

جۇ تاۋ

مەن ئالدى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ يىراق چېگرىدىن كەلگەن بىر يازغۇچىنىڭ، شۇنداقلا بىر ھەربىينىڭ ھاياتلىق، ئەدەبىيات، كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى، رېئال دۇنيادىكى توقۇنۇشى ۋە كېلىشىشلىرى قاتارلىقلار توغرىسىدا «ساتىدىغان» گەپلىرى ئۈچۈن ئاتايىن قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. خوش، ئۇنى نېمىشقا گەپ سېتىش دەيمىز؟ كىچىك چاغلىرىمدا بىر قورۇدا بىللە ئۆسكەن بىر دوستۇم بار ئىدى، ئىككىمىزنىڭ پارىڭى زادى تۈگىمەيتتى. بىر قىشلىقى ئاشۇنداق مۇڭدىشىپ تۇرساق، دوستۇمنىڭ ئانىسى چىقىپ: «شۇنچە قاتتىق قار يېغىۋاتسا، تېخىچە سىرتتا گەپ سېتىۋاتامسىلەر؟» دېگەنىدى. ئۇ كىشى پاراڭلىشىشنى «گەپ سېتىش» دەيتتى. مېنىڭچە، بۈگۈنكى ئەنجۇمەننى ساۋاق بېرىش ئەمەس، كۆپچىلىك بىلەن ئەسرارلىشىش، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقتىن كەلگەن، بىر خىل يېزىق قوللىنىدىغان ھەر خىل ياشتىكىلەر ئارىسىدىكى قەلبلەر سىردىشىشى دەپ چۈشىنىش كېرەك. مانا مۇشۇنداق كەڭ-كۇشادە، ئۇچۇق-ئاشكارە پاراڭنىڭ ئۆزى جەزمەن «گەپ سېتىش» بولىدۇ. مېنىڭ «گەپ ساتتى» دېگىنىم ئەنە شۇ.

مەن بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلىمەكچى. مەن نېمىشقا كەچمىشلىرىمنى سۆزلەيمەن؟ چۈنكى مېنىڭ ئىجادىيىتىم بىلەن كەچمىشلىرىم گىرەلىشىپ كەتكەن. بىر ئادەم مۇشۇنداق كەچۈرمىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزمەي، مۇشۇنداق ھېس-تۇيغۇلاردا بولماي تۇرۇپ بىر نەرسە يازالمايدۇ. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى قەدىرلىمىسە، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمايدۇ.

بالىلىق چاغلىرىمدا بېيجىڭدا بىرنەچچە يىل تۇرغانمەن. مەن 1949-يىلى ئاتا-ئانام بىلەن بېيجىڭغا كەلگەنىدىم. ئۇ چاغدا تېخى ئۈچ ياشتا ئىدىم. كېيىن ئاتام شىنجاڭغا يۆتكەلدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ شىنجاڭغا كەتتىم. تۇرمۇشتا تاسادىپىي يۈز بېرىدىغان زور بۇرۇلۇش ۋە كۆچۈشلەر كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئەمما ئەينى چاغدىكى بىر ئۆسمۈر بۇنداق ئۆزگىرىشنى قانداقمۇ ئاڭقىرالىسۇن. شۇ چاغدا شىنجاڭغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، «ئەمدى مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان بولدۇم، كۈندە ئات

مىنسەم، كىگىز ئۆيلەردە ياتسام، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ـ ـ
ھە» دەپ بۆلەكچە يايراپ كەتكەنلىكىم ھېلىمۇ ئېسىمدە.
ئاتام: «سەن دېگەن بالىلارنىڭ چوڭى، سېنى بىرەر دوستۇم
ياكى سەپىدىشىمغا تاپشۇرۇپ قوياي، سەن بېيجىڭدا قېلىپ،
ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ» دېسە، مەن «ياق، شىنجاڭغا بارىمەن»
دەپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭغا بېرىش بەك جاپالىق
ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇ شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
قۇرۇلغان چاغ ئىدى. بېيجىڭدىن تەخمىنەن بىرنەچچە مىڭ
كادىر يۆتكەلدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭغا قانداق ماڭاتتۇق دې-
مەمسىلەر، پويىز بىلەن شىڭشىڭشياغىچە بېرىۋېلىپ، ئۇنىڭ
نېرىسىغا ھەربىيلەرنىڭ قارا ماشىنىسىغا ئالمىشاتتۇق. ماشى-
نىنىڭ كوزۇپىغا ماشرەڭ بىرزىنت يېپىلغان، ئالدى تەرىپىگە
پىلموت ئورنىتىلغانىدى. نېمىشقا پىلموت ئورنىتىدۇ؟ ئەينى
چاغدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان بولسىمۇ، ۋە-
زىيەت يەنىلا ناھايىتى قالايمىقانىدى. ئوسمان باندىت دې-
گەندەكلەر ماشىنا كالونىلىرى ۋە خادىملارغا دائىم دېگۈدەك
تېگىش قىلىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ
ھىمايىسىدە چېگرا رايونغا ياردەمگە باردۇق.

مۇھىت كىشىنى ئۆزگەرتىدۇ، تەقدىرنى ئۆزگەرتـــدۇ.
كېيىنچە، بۇ مەسىلە پات ـ پات كاللامغا كىرىۋالدىغان بول-
دى. ھەر قېتىم بېيجىڭغا كەلگىنىمدە بېيجىڭنى ھەم ئۆزۈمگە
تونۇشتەك، ھەم ناتونۇشتەك ھېس قىلىمەن. تونۇشتەك ھېس
قىلىشىمدىكى سەۋەب، مەن مۇشۇ يەردە ساۋاتىمنى چىقارغان.
مەن خەيدىيەن رايونى، بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئىنستى-
تۇتىدا تۇرغان. بىر يىلى مەن بېيجىڭ چەت ئەل تىلـــلىرى
ئىنستىتۇتىغا بېرىپ، ئەينى يىللارنىڭ ئىزنالىرىنى ئـــىزدەپ
باقتىم. نەتىجىدە خېلىغىچە ئىزدەپمۇ ھەتتا بىرەر پارچە تو-
نۇش خىشنىمۇ ئۇچرىتالمىدىم. بۇنداق ئۆزگىرىشنى ھەر قې-
تىم بېيجىڭغا كەلگىنىمدە چوڭقۇر ھېس قىلىمەن. مەن دائىم
مۇنداق ئويلايمەن: مۇبادا ئاتام بېيجىڭدىن ئايرىلىپ شىن-
جاڭغا كەتمىگەن بولسا، مەن جەزمەن بېيجىڭدا ياشاۋەرگەن،
قويۇق بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان، بېيجىڭنىڭ بۇ-
لۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن تارتىپ بەش قولدەك بىلىدىغان، كى-
چىكىمدە بىللە ئوينىغان، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ-
لەردە بىللە ئوقۇغان نۇرغۇن دوست ـ بۇرادەرلـــىرىم بـــار،
ئىجتىمائىي ئالاقەم قويۇق بىر ئادەم بولۇپ قالغان بولاتتىم.
ئۇ چاغدا مەن زادى نېمە ئىش قىلغان بولاتتىم؟ ھازىر بۇنى
تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز، قانداق ئېھتىماللىقنىڭ بولىدىغانلىقىغا
بىر نېمە دېمەك تەس. مەنىلا ئەمەس، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان
ھەممەيلەننىڭ ھاياتىدا بەزى جىددىي بۇرۇلۇشلار، ئاچاللار
بولغان. تۇرمۇشتا بىلىپ ـ بىلمەيلا باشقا بىر خىل ھايات
يولىغا كىرىپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇنداق
ھايات يولىنى ئۆزگەرتكىلى، ئالدىنئالا پەرەز قىلغىلى بول-
مايدىكەن. ئەگەر بېيجىڭدا تۇرۇۋەرگەن بولسام قانداق بولار
ئىدى؟ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ قىياس قىلالمايمەن،

ئەدەبىيات كەسپى بىلەن شۇغۇللىنالامدىم ـ يوق، بۇنىمۇ بىل-
مەيمەن. بىرەيلەن: «مەيلى قەيەرلا بولمىسۇن، باشلىنىش
نۇقتىسى ئىنتايىن مۇھىم» دېگەنىكەن. مېنىڭ ھاياتىمــنىڭ
باشلىنىش نۇقتىسى ئەسلىدە بېيجىڭ ئىدى. ئېسىمنى تاپقۇ-
دەك بولغۇچە، تۇيۇقسىزلا شىنجاڭ بولۇپ قالدى. شىنجاڭغا
بارغاندىن كېيىن، شىنجاڭ مېنىڭ باشلىنىش نۇقتامغا، مېنىڭ
يۇرتۇمغا، مەن يىلتىز تارتقان ماكانغا ئايلاندى. شۇ تۇرغانچە
شىنجاڭدا 40 نەچچە يىل تۇردۇم. 40 نەچچە يىل مابەينىدە
مەن ھەر يىلى دېگۈدەك بېيجىڭغا كېلىپ تۇردۇم. بەزىدە
يىلدا بىر قېتىم، بەزىدە ئىككى قېتىم كەلدىم. بېيجىڭدىمۇ
نۇرغۇن دوستۇم بار. مەن بېيجىڭ ۋە بېيجىڭدىكى دوستلى-
رىمنى ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى، مەدەنىيەت جەھەتتى-
كى شۇنداقلا ۋۇجۇدۇمدا توختاۋسىز سوقۇۋاتقان ئوتتـــۇرا
تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى تومۇرىنىڭ ئۆرنىكى قىلىپ كەلدىم.
مەن بۇنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشىم كېرەك. ناۋادا مەن ئۇ-
زۇل ـ كېسىل شىنجاڭچە بولۇپ كەتكەن بولسام، ھازىرقى-
دەك ئەسەرلەرنى يازالمىغان بولاتتىم، ناۋادا مەن ئۇزۇل ـ ـ
كېسىل بېيجىڭچە بولۇپ كەتكەن بولسام، يەنىلا ھازىرقىدەك
ئەسەرلەرنى يازالمىغان بولاتتىم. شۇ ۋەجىدىن مەن بۇلارنىڭ
ھەممىسى بېيجىڭدىكى دوستلار بىلەن پىكىرلىشىپ تۇرغان-
لىقىم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەپ ئويلايمەن. مەن باشتىن
ئاخىر ئۆز ئورنۇمنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتـــمەن.
مەيلى ئىدىيە، ئەدەبىيات ياكى تۇرمۇش پوزىتسىيىسى جە-
ھەتتىكى ئورنۇم بولسۇن، مەن بۇلارنى بېيجىڭدىن تاپالاي-
مەن. بۇ ئورۇن مېنى شىنجاڭدىكى نۇرغۇن دوستلىرىمدى
پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا مەندە ئۆزگىچە بىر نەرسە
باردەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، دەل مۇشۇنداق سېلىشتۇرما
مېنى كۆپ نەرسىلەرگە ئىگە قىلغان. مۇنداقچە ئېيتقـــاندا،
بېيجىڭ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بىر ئېغىز سۆز بىلەن
ئېيتقاندا، ئەگەر جۇتاۋ دېگەن ئادەمنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قىم-
مىتى بار دېيىلسە، ئۇنىڭ قىممىتى 20 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي دىيارنىڭ مەدەنىيىتىنى
بىرقەدەر كەڭ دائىرىدە بىرلەشتۈرگەنلىكىدە، ئۇنىڭ ئۆزد-
نىڭ ئورنىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتكـەن يـازغۇچى
بولغانلىقىدا. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنى-
يىتى ـ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى يوقىتىپ قويـمـاي،
ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئىدىيە، ئەدەبىيات، روھ جەھەتتىكى داۋاملىق
قۇۋۋەت ئالىدىغان جان تومۇرۇم قىلىپ كېلىۋاتىمەن، دەپ
ئويلايمەن. يەنە بىرى، مەن مۇشۇنداق نەزەر بىلەن مۇشۇن-
داق نۇقتىدا تۇرۇپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىننى كۆ-
زەتكەن، ھېس قىلغان چېغىمدا، تەبىئىيكى، باشقىلار ھېس
قىلالمىغاننى ھېس قىلالايمەن. يەنە كېلىپ مەن شىنجاڭدا
شۇنچە ئۇزاق تۇرغان، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى
كېزىپ چىققان بولغاچقا، ئىچكىرىدىكى يازغۇچىلار ھېس قى-
لالمىغان، ھېس قىلىشقا پۇرسەت بولمىغان نەرسىلەرنى ھېس

قىلدىم. مېنىڭ «باشتىن كەچۈردۈم» دېگىنىم ئەنە شۇ.

ھاياتىمدىكى چوڭ بۇرۇلۇشتىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويدۇم. بۇ تۇرمۇش يولى مېنىڭ تەقدىرىم ئىدى. مەن تەقدىرىمنى قوبۇل قىلدىم، ئەمما بويسۇنمىدىم ھەمدە مۇشۇنداق تۇرمۇش ۋە تەقدىرنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ بارا ـ بارا ھاياتىمنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلاندى. مەن ئىلىدا «قايتا تەربىيە» ئالدىم. بۇ جەرياندا چىدىغۇسىز ئازابلارغا، سىياسىي بېسىمغا، جۈملىدىن چىدىغۇسىز تۇرمۇش، جاپا ـ مۇشەققەتكە بەرداشلىق بەردىم. ئۇ چاغلاردا «سېسىق زىيالىي» قاتارىدا بىزمۇ «پاكىز زىيالىي» سانىلىپ كەتمىسەك كېرەك، ھەربىي قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدىغان جىنايەتچىلەردىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيتتى. گازارما رايونىدىن 25 مېتىر يىراقلىققا بېرىش ئۈچۈنمۇ رۇخسەت سوراشقا توغرا كېلەتتى. بىر قوتان پادىنىمۇ ئۇنچىلىك چىڭ تۇتماس بولغىيتتى. توڭگۇز باققانلارمۇ بەزىدە توڭگۇزلارنى ئانچە ـ مۇنچە يايلاپ كېلىشكە قويۇۋېتىدۇ. بۇ يەردىكىلەر ئادەممۇ؟ ئۇ يەردە ئەمگەك ناھايىتى ئېغىر ئىدى. بىز يەتتە ئادەم تۆت ئات قېتىپ سۆرەيدىغان، يۈكى بىر خامان ۋەزنىدىكى ھارۋىنى توپىلىق يولدا ئىتتىرىشىپ، شەرقىي مەيداندىن غەربىي مەيدانغا ئېلىپ كەلگەندۇق. شۇ چاغدا يەتتە ئادەم بىلەن تۆت ئاتنىڭ كۈچىنى چېنىشقا مەجبۇر بولدۇق. كوماندىر «بىر ۋەزىپە تاپشۇردمەن، ئۇ ياققا بېرىپ ھارۋىنى سۆرەپ كېلىڭلار» دېسە، بېرىپتۇق. قارىساق، بۇ تۆت ئات قاتىدىغان چوڭ ھارۋا ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ، نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدۇق. ئەمما ھەربىي بۇيرۇق ھەممىدىن مۇقەددەس ئىدى. ئىلاجىسىز ھارۋىنى سۆرەشكە باشلىدۇق. ئارىمىزدا لىيۇياۋخۇا ئىسىملىك، 80 نەچچە كىلوگرام كېلىدىغان بىرەيلەن بار ئىدى، ئۇ ھەممىمىزدىن بەستلىك بولغاچقا، ئۇنى شوتىغا قوشتۇق. ھازىر مەن 83 كىلوگرام كەلگىنىم بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى ئورۇق ئىدىم، شۇنداقتىمۇ ھارۋىنى بار كۈچۈم بىلەن ئىتتىرەتتىم. بىز كەچ كىرگىچە توققۇز كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ، ئاخىر ھارۋىنى تۇرالغۇمىزغا ئېلىپ كەلدۇق. كېلىپلا كوماندىرغا: «دوكلات، كوماندىر، ھارۋىنى ئېلىپ كەلدۇق» دەپ دوكلات قىلدۇق. «راستمۇ؟»، «راست». ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى. يەتتە ئادەمنىڭ تۆت ئاتنىڭ كۈچىنى چىقىرىشى ئاسان ئەمەس ـ تە. ئەڭ ئازابلىق تۇرمۇش ئات ئېغىلىدا تۇرۇش ئىدى. قەھرىتان قىش كۈنلىرى سىرتتا قاتتىق قار ياغاتتى. ئات ئېغىلىنىڭ پەنجىرى ئوچۇق ئىدى. ئاخىر بىز پەنجىرىنى قوناق شېخى بىلەن توسۇپ قويدۇق. ئېغىلنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئازراق قوناق شېخىنى دۆۋىلەپ ئوت قالاپ، كۈچسىز ئوتنىڭ تەپتى بىلەن قولاقچىلىرىمىزنى چۈمكەپ كىيىپ، ماسكا تاقاپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە جۇۋا كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوتقان يېپىنىپ ئۇخلايتتۇق. چاشقانلار باشلىرىمىزدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. بىز مۇشۇنداق مۇھىتتىمۇ ياشىغاندۇق. ئەمما كېيىنچە ئويلاپ كۆرسەم، يۈرىكىمگە ئورناپ كەتكىنى، ئۆمۈربويى ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى، يازغانلىرىمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلەر مۇشۇ مەزگىلدىكى تۇرمۇش ئىكەن. شۇڭا ئازاب ـ ئوقۇبەتمۇ گۈزەللىكنى يارىتىدۇ، دېگىنى بىكار ئېيتىلمىغان.

مەن ئازاب ـ ئوقۇبەتكە مەدھىيە ئوقۇمايمەن، ئەمما مەن ئاشۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشتا گۈزەللىكنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بارا ـ بارا ھېس قىلدىم. مىسال ئۈچۈن كۈنەس يايلىقىنى ئالايلى. كۈنەس دەرياسى ھەققەتەن كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ. كېيىنچە ئۇلار مېنى ئىلى دەرياسى كېچىككە كېمەچىلىككە ئەۋەتتى. تەكشى يۈزلۈك چوڭ بىر كېمىگە دەريادىن ئۆتىدىغان ماشىنا ۋە ئادەملەرنى سېلىپ دەريادىن ئۆتكۈزەتتۇق. مەن بىر مەزگىل ئارقان يۆگىدىم. شۇ چاغلارنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى بەك چوڭ بولدى. ئادەم قالمىغان چاغلاردا مەن يايلاقتا لاغايلاپ يۈرۈپ ئۇياق ـ بۇياققا نەزەر سالاتتىم. ئورمانلىققا، دەرياغا، دولقۇنسىمان زېمىنغا زەن سالاتتىم. مەن بۇ قاتتا تۇرۇپ چىغرىقنى ئايلاندۇراتتىم، قازاقلار ئاتلىق كېلىپ كېمىگە چىقاتتى. ئۇلار ئۇ چەتتە تۇرۇپ ۋارقىرىشاتتى، مەن بۇ قاتتا تۇرۇپ قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ، كېمىنى ئۇ قاتقا ئۆزىتىپ بېرەتتىم. ئۇلار كېمىگە چىقاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە جانلىق تەسىرات پەيدا قىلغانىدى. قازاقلار ئۇ قاتتىن كېلىۋاتقاندا يول بويىدىكى بىكتۇۋەن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىتلىرى ئېلىشىپ قالغاندەك جان ـ جەھلى بىلەن قاۋاپ، ئۇلارنى قوغلايتتى. قازاقلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ قاچاتتى. ئېگىشىپ تۇرۇپ قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئىتلارنى ساۋايتتى، ئىتلار ئاغرىقتىن كاڭشىپ كېتەتتى. ئىتلارنىڭ نالىسى خۇددى ئادەمنى تىللىغاندەكلا ئاڭلىناتتى. كېيىن ئۇلار كېمىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاتتىن چۈشمەيلا كېمىگە چىقاتتى. كېمە قېلىن ياغاچتىن ياسالغانىدى. ئات تاقىسىدىن چىققان ئاۋازلار ئۇسسۇلغا دەسسەۋاتقان قەدەملەردەك ئاڭلىناتتى. بەزى ئاتلار كېمىنى پۇراپ بېقىپ قورقۇپ، كەينىگە داجىپ تۇرۇۋالاتتى. قازاقلار ئاتنى كېلىشتۇرۇپ بىرنى قامچىلاپ قويسا، ئات بىر سەكرەپلا كېمىگە چىقاتتى ـ دە، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋالغان ئاياللاردەك بىر مەھەل دەلدۈگۈنۈپ، ئاندىن ئۆزىنى رۇسلىۋالاتتى. مەن كۆز ئالدىمدىكى قىزىقچىلىقلارنى كۆرگەچ چىغرىقنى ئايلاندۇراتتىم. ئۇلار كېمە ئۈستىدە ھاراق ئىچىپ، خۇش كەيپ ناخشا ئېيتىشاتتى. ئېيتى بىلەن بىر ـ بىرىنى دەرياغا چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولۇشۇپ چاقچاقلىشاتتى. ئاتلار بىر ـ بىرىنى قىستاپ سۈركىلەشەتتى. شۇ چاغدا سىزگە تۇرمۇشنى ئۆزىڭىز سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك، «تىنچ دون» سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. مەن ئۇلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتىم. شۇڭا بۇ مەزگىلدىكى تۇرمۇش قانچە جاپالىق بولسىمۇ، مۇشۇنداق گۈزەل نەرسىلەر ماڭا كۈچلۈك تەسىر قىلغانىدى. سىياسىي جەھەتتە بېسىم، تۇرمۇشتا باراۋەرسىزلىك، جىسمانىي جەھەتتە ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولغاندا بۇنداق گۈزەللىككە سەزگۈر بولۇپ كېتىدىكەنسىز. شۇ چاغدا سىزنىڭ گۈزەللىككە بولغان چۈشەنچىڭىز ۋە تونۇشىڭىز كاللىڭىزنى چىر-

مۇئالدىكەن. ئاندىن سىز ئورمانلىقتا ئولتۇرۇپ بولغۇنىغا
قارالڭ. ئۇنىڭ رەڭگى قاردەك ئاق بولىدۇ. مەن ئەسلىدە
ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم، بۇنداق ھايۋاننى كۆرمىگەنىـ
كەنمەن. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ. ئېھتىياتـ
سىزلىقتىن كۆزىڭىزنى چىمچىقلىتىپ قويسىڭىز، ئۇنى كۆزدىن
يىتتۈرۈپ قويىسىز. ئۇ سىزگە تىكىلىپ قاراپ تۇرىدۇ. بولغۇن
ھەقىقەتەن چىرايلىق ھايۋان. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىكى
نۇرلاردىن ساددىلىق، گۆدەكلىك، سىزدىن ئېھتىيات قىلىۋاتـ
قانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. سىز ئۇنىڭغا تىكىلگىنىڭىزچە،
كۆزىڭىزنى چىمچىقلىتىپ قورقۇتىۋېتىشكىمۇ پېتىنالماي قاـ
لىسىز. سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلسىڭىز، ئۇ كۆز ئالدىڭىزدىن
غايىب بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىدىن يۈگۈرۈپ
ماڭدىمۇ، ئۇچۇپ كەتتىمۇ ياكى بىرەرى ئۇنى ئېلىپ كەتتىمۇ،
بىلمەيلا قالىسىز. ئۇنى ئېلىپ كېتىپ بېقىۋالغۇڭىز كېلىدۇ.
لېكىن بولغۇن ئىنتايىن ۋەھشىي گۆشخور ھايۋان، ئۇ بارمـ
ىڭىزنى چىشلەپ ئۈزۈۋالالايدۇ. ئۇلار ئۇنى سۇ چاشقىنى دەپ
ئاتىشىدىكەن. شۇنچە چىرايلىق ھايۋاننى سۇ چاشقىنى دەپ
ئاتاش ئۇنىڭغا قىلىنغان ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ سۇ چاشقىنىنىڭ
بېشى، قۇلىقى يۇمىلاق بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ بولغۇننىڭ
بىر تۈرى، ئۇنىڭ تېرىسى ئىنتايىن قىممەت بولىدۇ. ئۇمۇ
تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

سىلەر چوڭ شەھەرلەردە ياشايدىغانلار، مەيلى شاڭخەيـ
لىكلەر، بېيجىڭلىقلار بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى مەركەز ھېسابـ
لايسىلەر. بەزىلەر مېنىڭدىن ھازىرغىچە شۇ يەردە تۇرۇۋاتـ
امسەن، نېمىشقا قايتىپ كەلمەيسەن، دەپ سورىشىدۇ. مەن
شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، سىلەر مەركەز، سىياسىي، ئىقتىساد،
مەدەنىيەت جەھەتتىكى سالاپەتكە ۋەكىللىك قىلىسىلەر. ئەمما
سالاپەتتىن باشقا تۇرمۇش، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان
ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەرمۇ، ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەللىكلەرمۇ
ناھايىتى كۆپ، سىلەر بۇلارنى ھېس قىلىپ باقمىغان. بېيجىڭ،
شاڭخەيدىن چىقىپ باقمىغانلارنىڭ كۆرگەن ـ بىلگىنى ئاز
بولىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئالساق، سىز كىگىز ئۆيدە يېتىپ باقـ
قانمۇ؟ كىگىز ئۆينىڭ ياتقۇدەك نېمىسى بار دېيىشىڭلار
مۇمكىن. مېنىڭچە، سىلەر بۇنى چۈشەنمەيسىلەر، ئۇنىڭ بەش
يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدىن قېلىشقۇچىلىكى يوق. بەش يۇلـ
تۇزلۇق مېھمانخانىدا تۈنجى قېتىم ياتقىنىڭىزدا ئۇنى بەك
ئېسىلكەن دەپ قالىسىز. يەنە 2 ـ قېتىم، 3 ـ قېتىم، 10 ـ قېـ
تىم، 100 ـ قېتىملاپ يېتىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما سىز تۈنجى
قېتىم كىگىز ئۆيدە ياتقان چاغدىكى تەسىراتىڭىزنى مەڭگۈ
ئېسىڭىزدىن چىقىرىۋېتەلمەيسىز. يايلاقتىكى كىگىز ئۆي
گەرچە يېگانە بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىكى قائىدە ـ يوسۇنغا
ئالىيجانابلىق سىڭگەن. بىر چارۋىچىنى ئالساق، ئۇمۇ ئىنتاـ
يىن ئالىيجاناب كېلىدۇ. قاش قارايغاندا تۆت ـ بەش ئادەم
يايلاقنى ئايلىنىپ چارچاپ، بىرەر جاينى تېپىپ ئارام ئالماقچى
بولسىلەر. سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى كۆرۈپ، (ئەلۋەتتە ئادەتتە
شۇ يەرلىك دوستلار سىزنى باشلاپ بارغان بولىدۇ) ياۋۇز
ئەمما دىۋەڭ كۆرۈنىدىغان خاپانباش، يوڭلۇق ئىت ئالدىـ
ڭىزغا ھاۋشىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن قورقۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى
يوق. ئۇ ئېتىڭىزنىڭ ئالدىدا ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈپ،
سىزنى چىشلىمەكچى بولۇۋاتقاندەك ھالەت پەيدا قىلىدۇ.
ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولماي، ئېتىڭىزنى دىۋىتىپ ئالدىڭىزغا
مېڭىۋېرىسىز. كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆي ئىگىسى
چىقىپ سىزنى قارشى ئالىدۇ، ئېتىڭىزنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ،
سىزنى ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈرىدۇ. سىز ئۆيگە كىرىپ كېتىسىز،
باشقا ئىشلار بىلەن كارىڭىز بولمايدۇ. ئۇلار ئاۋۋال ئۇلاغنى
بوشىتىپ، ئىگەرنى ئېلىۋېتىپ ئاندىن ئاتنى چۈشەپ قويىدۇ،
تىزگىنىنى سېرىۋېلىپ، ئاتقا بوغۇز بېرىدۇ. ئات كەڭتاشاراق
چۈشەپ قويۇلسا، يېقىن جايدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يېيەلەيـ
دۇ، يىراققا كەتمەيدۇ. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۇلار سىزگە
ئەتكەنچاي تارتىدۇ. پېچىنە، ساڭزا، قەنت، نان دېگەندەك
ئۇششاق ـ چۈششەكلەر بىلەن قورسىقىڭىزنى ئانچە ـ مۇنچە
ئەستەرلەپ تۇرىسىز. سەل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار
قويدىن بىرنى ئالدىڭىزغا ئېلىپ كىرىپ، خۇددى بىزنىڭ
رېستورانلىرىمىزدا تىرىك بېلىقنى ئالدىڭىزغا ئەكېلىپ: بولاـ
مدۇ ـ بولمامدۇ دەپ سورىغاندەك ماقۇللۇقىڭىزنى ئالىدۇ.
ئەمما رېستوراندا بېلىقنى پۇل خەجلەپ سېتىۋالىسىز، بۇ
قوينى بولسا، ئۇلار سىزگە بىكارغا يېگۈزۈپ، سىزنى مېھمان
قىلىدۇ. سىز بولىدىكەن دېسىڭىزلا ئۇلار قوينى سويۇپ كېـ
رىدۇ. بۇ گۆشنى يۇيۇپ تازىلاشنىڭ ھاجىتى يوق، يايلاق
ئىنتايىن پاكىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆش قوينىڭ تېرىسىنىڭ
ئۈستىگە قويۇلغاچقا، ئۇنىڭغا توپا يۇقۇپ قالمايدۇ. گۆش
قازانغا سېلىنغاندىن كېيىن پىشىشىنى ساقلىغاچ، پاراڭلىشىپ
ئولتۇرىسىز. بەزىدە خېلى ئۇزاققىچە ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ،
بۇ چاغدا ھاردۇق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. ئاخىر يېرىم
كېچە بولاي دېگەندە گۆش پىشىدۇ. كۆپچىلىك بىللە گۆش
يەيسىلەر. گۆشنىڭ شورپىسىنى ئىچسىڭىز ئۇيقۇ نەلەرگىدۇ
غايىب بولۇپ، كۆزلىرىڭىز قايتىدىن نۇرلىنىپ كېتىدۇ. مەن
قوي گۆشى شورپىسىنىڭ بۇنچىۋالا قۇدرىتى بارلىقىنى ھېس
قىلىپ باقماپتىكەنمەن. بۇ شورپا ھەقىقىي شورپا. ئۇخلاشتىن
بۇرۇن ئۆي ئىگىسى كىگىز ئۈستىگە ئىت تېرىسىدىن ياكى
ئېيىق تېرىسىدىن قىلىنغان كۆرپىنى سېلىپ، يوتقاننى ئۈستىگە
تاشلاپ، ئورنىڭىزنى راسلاپ بېرىدۇ. ئاندىن سىزنى تالاغا
چىقىپ كىرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ
سىزنى ھاجەت قىلىپ كىرىشكە تەكلىپ قىلغىنى. قايتىپ كىرىپ
ياتسىڭىز، ئورنىڭىزنىڭ ناھايىتى ئىللىق ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلىسىز. كۆرپىنىڭ يېنىدا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسكەن. كىگىز
ئۆينىڭ تۈڭلۈكى ئوچۇق بولىدۇ. كۆزىڭىزنى ئېچىپ كۆككە
قارىسىڭىز، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنى كۆرىسىز. ئاي، يۇلـ
تۇزلار كېچە ئاسمىنىدا چاراقلاپ تۇرىدۇ. ئاسمان قېنىق كۆك
رەڭگە كىرگەن، ئاستىڭىزدىن يايلاقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ،
ئۇنىڭغا يەنە كالا تېزىكىنىڭ پۇراقلىرىمۇ ئارىلىشىپ كېتىدۇ.
ناۋادا سىز كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ ئاي، يۇلتۇزلارغا قارىغان
بولسىڭىز، ئۇلار راست ئەمەستەك تۇيۇلغان بولاتتى. مۇـ
شۇنداق كېچە بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدا ياتقان

كېچىدىنمۇ بەكرەك ئۇنتۇلمايدۇ. بۇ كېچە ھەقىقەتەن گۈزەل بىر كېچە.

ئەمەلىيەتتە مەيلى قازاقلار ياكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، گۈزەللىكنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، گۈزەللىكنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. مەن ئۇلارغا كۆرۈنگەن رەڭ، سۈرەتلەر بىزنىڭ كۆرگىنىمىز بىلەن ئوخشاش بولمامدىغاندۇ، دەپ گۇمان قىلىمەن. جۈملىدىن، ئۇلارنىڭ بەزى باغلىق ھويلىلىرى، سالغان ئىمارەتلىرىگە قارىسىڭىز، خېلى چوڭ پەرقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىسىز. كېيىنچە ئىلى يايلاقلىرىنىڭ پۈتكۈل تۆت پەسلى ئېسىمگە مەڭگۈلۈك ئورناپ كەتتى. كېيىن يازغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىدە ئىلىدىن چەتنەپ كەتمىدىم. ئىلىدا قىش كۈنلىرى قار قېلىن ياغىدۇ، ئەمما سوغۇق بولمايدۇ. ئىلى ۋادىسى ئىنتايىن مۇنبەت گۈزەل بىر ماكان، بۇ يەردە قويۇق روسىيە تۈسى بار.

ئۇ يەردىكىلەرنى مەن بىر قاراپلا بىلەلەيمەن. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆرسەم، بىر قاراپلا، «سىز ئىلىلىقمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇلار «ھەئە، سىز قانداق بىلىۋالدىڭىز؟» دەيدۇ. ئەگەر ئۇ قەشقەرلىك بولسا، ئۇنىمۇ بىر قاراپلا پەرقلەندۈرەلەيمەن، «سىز قەشقەرلىكمۇ؟» دەپ سورىسام «شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. قەشقەرلىكلەر بىلەن ئىلىلىقلار خۇددى ئىچكىرىدىكى ئوخشاشمىغان جايلارنىڭ ئادەملىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغاندەك بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. تۈنۈگۈن مەن يىغىن ئېچىلىۋاتقان جايدىن «يۈەنۋاڭ ساردىيى»غا كۆچمەكچى بولدۇم، بىر شوپۇر مېنى ئالغىلى كەلدى. مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلماي تۇرۇپلا، «سىز شەندۇڭلۇقمۇ؟» دەپ سورىسام، شوپۇر «قانداق بىلىۋالدىڭىز، مەن تېخى سىزگە گەپ قىلمىدىمغۇ» دەيدۇ. مەن «سىزنىڭ چىرايىڭىز تىپىك شەندۇڭلۇقلارنىڭ چىرايىغا ئوخشايدىكەن»، دېسەم، ئۇ «كۆزىڭىز بەك ئۆتكۈركەن، ھازىرغىچە ھېچكىم ماڭا بۇنداق دەپ باقمىغان، سىز تۇنجىسى» دېدى. مەن «يان كۆرۈنۈشىڭىزگە قاراپلا سىزنى شەندۇڭلۇق دەپ جەزم قىلدىم، ئىشەنچىم بولمىسا، سورىمايتتىم» دېدىم. ئۇ دەرۋەقە شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز يولبويى پاراڭلىشىپ كەلدۇق.

تۇرمۇش داۋامىدا مۇشۇنداق ھەر خىل ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئاستا - ئاستا ئۇلارنى كۆزىتىشكە ئادەتلىنىمىز. شۇڭا مېنىڭچە بىز ئالدى بىلەن بېشىمىزدىن كەچۈرىمىز، ئاندىن ئۇنى قەغەزگە پۈتۈۋالىمىز. تۇرمۇشىڭىز ئادەتتىن تاشقىرى زەئىپ، نامرات، تۈسسىز، نۇرسىز، توختام سۇدەك تۇرمۇش بولسا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۇرمۇشىڭىزدا ھېچقانداق پەرق مەۋجۇد بولمىسا، سىزنىڭ ئۇنى خاتىرىلىگۈڭىز كەلمەيدۇ. ئادەم نېمە ئۈچۈن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟ مېنىڭچە، تۇرمۇشتىكى پەرقلەر، بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە پەيدا قىلغان داۋالغۇشلار ئۇنىڭ روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ھېسسىياتنى قوزغاپ، شۇ كىشىنى ئۆزى ئۆزى بولماي قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرگەندە، ئۇنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىكى ئازاب، ھەسرەت ياكى خۇشاللىق، مۇھەببەت قاتارلىقلارنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە دېگۈسى كېلىدۇ. ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى تەننىڭ قېرىشى، زەئىپلىشىشىگە ئەگىشىپ ئۈن - تىنسىز يوقىتىۋەتكۈسى كەلمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سادالارنى باشقىلارغا ئاڭلاتقۇسى، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشكۈسى كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا سىز تۇرمۇشنىڭ ئىككى قۇتۇبىنى، مەيلى بۇ ئىككى قۇتۇپ يېزا بىلەن شەھەر، دېڭىز بويىدىكى رايونلار بىلەن چېگرا رايونلار، مەركەز بىلەن باشقا ئۆلكىلەر، جەنۇب بىلەن شىمال، شەرق بىلەن غەرب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تونۇپ يېتىشىڭىز كېرەك. بۇنداق پەرق قانچە چوڭ بولغانسېرى، ئىككى قۇتۇپنىڭ سوقۇلۇشىدىن پەيدا بولىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇچقۇنىمۇ شۇنچە نۇرلۇق بولىدۇ. مەن مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن نۇرغۇن كىشىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆردۈم. مېنىڭ بايقىغىنىم دەل شۇنداق بولۇپ چىقتى. سەنئەتتە نەتىجە قازانغان دوستلارنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭلار، ئۇلار تۇرمۇشتا زور داۋالغۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇلار بىلىپ - بىلمەي مۇشۇ ئىككى قۇتۇپ بىلەن ئۇچراشقان. بەلكىم بەزىلەر تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئازاب تارتقاندۇ ياكى ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىن ئايرىلغاندۇ. مۇشۇنداق چاغدا ئىككى قۇتۇپ بىر - بىرىگە سوقۇلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار بۇنى پۈتۈۋېلىشنى ئويلايدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، مەن ئىككى قۇتۇپنىڭ سوقۇلۇش ئەلماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەدەبىياتتىكى ئىككى قۇتۇپنىڭ سوقۇلۇش ئەلماتى بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزغا ئوخشايدۇ. مەن بەزىدە «ھايۋاناتلار دۇنياسى» پىروگراممىسىنى كۆرۈمەن. مېنىڭچە ئۇ دېڭىزدىكى بېلىقلارغا ئوخشايدۇ. دېڭىز ئىنتايىن چوڭقۇر بولغاچقا، نۇرغۇن قاتلاملارغا بۆلۈنگەن. بەلكىم ئوكيانشۇناسلار ياكى ماتروسلار، سۇ ئاستى پاراخوتىدا ئىشلەيدىغانلار بۇنى پىششىق بىلىدىغاندۇ. دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ يورۇقلۇقمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. يورۇقلۇق دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يېتىپ بارالمايدۇ. نۇر، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى، بېسىمى ئوخشاش بولمايدۇ. مەن بېلىق بولمىغاچقا، ئەلۋەتتە تېخىمۇ كۆپ پەرقلەرنى دەپ بېرەلمەيمەن. ئوخشاش بولمىغان بېلىقلار ئوخشاشمىغان سۇ قاتلىمىدا ياشايدۇ. مېنىڭچە، يېسى بېلىق دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ياشايدۇ، بولمىسا ئۇ قانداق قىلىپ يېسىلىشىپ كېتىدۇ؟ ئۇنى تۇرمۇش يېسىلىۋەتكەن. پۈتكۈل دېڭىز ئۇنى بېسىپ تۇرىدۇ. ئۇ يۇمىلاق بولمەن دېسە، پارتلاپ كەتمەمدۇ. ئۇچار بېلىق چوقۇم دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ياشىمايدۇ، ئۇ دائىم دېڭىز دولقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ. بەلكىم بەزى بېلىقلار دېڭىزنىڭ ھەر خىل قاتلاملىرىدىن ئۆتۈشى، بەزىدە بىر قەدەر تۇرغۇن ھالەتتە ياشىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغانلار تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دېڭىزغا چۈشكەنلەر. دېڭىزنىڭ بەزى قاتلاملىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلاردا ئىجادىيەت ئىستىكى قوزغالغان. شۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇلار ئەدەبىيات، ئەلۋەتتە ئەدەبىياتلا ئەمەس، بەلكىم
مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى
بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇ-
شنى مۇشۇنداق ھېس قىلىمەن. ئۇ بىر كۆچۈش، ئىككى قۇ-
تۇپنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشى، كۆپ خىل مەدەنىيەت - -
غەربىي دىيار مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىدىن
ئىبارەت پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان ئىككى مەدەنىيەت. بۇ
ئىككى مەدەنىيەتنىڭ پەرقى بەك چوڭ. چوڭ جەھەتتىن ئال-
غاندا تىل، يېزىق، دىن، تۇرمۇش ئادىتى، ئۆرپ - ئادەتلەر
تۈپتىن ئوخشاش ئەمەس. ئەمما مەن مۇشۇ ئىككى خىل مە-
دەنىيەتنىڭ سىلىشتۇرمىسىنى تېپىپ چىقالىدىم، مېنىڭچە
شۇنداق.

ئاقسۇ ۋىلايىتىگە خىزمەتكە بارغان چېغىمدا ئۇيغۇرلار-
نىڭ باغلىق ھويلىلىرىدا، ھەربىي قىسىمنىڭ ھەر خىل ئور-
گانلىرىدا مېھمان بولدۇم. مەن شۇ چاغدا ئىككى خىل مەدە-
نىيەت ئارىسىدىكى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنى
بايقىدىم. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدىكى پەرق دەل
ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدىن ئۈستۈن
ئىكەنلىكىدە ئىدى. مىسال ئۈچۈن ئالساق، مەن ھەربىي قى-
سمىغا بارسام، ئۇلار مېنى ئايرىم خانىغا باشلاپ مېھمان
قىلدى. سىياسىي كومىسسار، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلا-
رمۇ كەلدى، ياسالمىلىق بىلەن بىر تالاي گەپلەرنى قىلىپ،
«ماۋتەي» ھارىقىنى قۇيدى. ئەمەلىيەتتە بىز بىر - بىرىمىز
بىلەن ئانچە تونۇشۇپ كەتمەيتتۇق. ئارقىدىن ھېلى ئۇنىڭ
بىلەن، ھېلى بۇنىڭ بىلەن خوش كەتتى قىلىش باشلاندى.
مەن: «ئالدىرىمايلى، ئاۋۋال ئازراق بىر نەرسە يەپ قور-
ساقنى ئەستەرلىۋېلىپ، ئاندىن ئىچەيلى، بۇ ھاراق قىممەت
ھاراق، ئۇنى خەلق پۇلىغا سېتىۋالغان، ئۆزۈڭنىڭ پۇلىغا ئال
دېگەن بولسا، ماڭا بۇ ھاراقنى ئېلىپ بېرىشكە كۆزۈڭلار
قىيمىغان بولاتتى، ئالدىرىماي ئىچەيلى» دېسەم، ئۇلار: «-
بولمايدۇ، بۇ ھاراقنى ئىچمىگىنىڭىز بىزنى كۆزگە ئىلمىغىنى-
ڭىز بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇنى دەڭ، بۇنى دەڭ بىلەن ئاخىر
ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈدۈم. ئۇلارغا: «بۈگۈن كۆپچىلىككە قىلى-
دىغان ئازراق گېپىم بار، ئاڭلاشنى خالامسىلەر» دېسەم، «-
قېنى سۆزلەڭ» دېيىشتى. مەن مۇنداق دېدىم: «سىلەرنىڭ
كۆڭلۈڭلار ياخشى. ئەمما مېنىڭ بۈگۈن دېمەكچى بولغىنىم
شۇكى، بىز ھەممىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن، بولۇپمۇ
ھەربىيلىكتە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ قايسىبىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتىن كەلمىگەن؟ سىلەر دېڭىزىيە، پولكلارنىڭ كوماندىر-
لىرى بولۇپ ھەربىي قىسىمدا ئىشلەۋاتىسىلەر. شىنجاڭدىن
ئىبارەت مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتقانىڭلارغا 20 نەچچە يىل
بولغان تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇ-
دىدىن ئازراق بولسىمۇ ئېسىل پەزىلەت ئۆگەنمەيسىلەر، سى-
لەرنىڭ مۇشۇنداق قىلىشقا قانداقمۇ كۆڭلۈڭلار ئۇنايدۇ؟
قاراپ بېقىڭلارچۇ، باشقىلار قانداق قىلىدىكەن؟ بىزنىڭ
مىللىتىمىز ھەمىشە ئۆزىنى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىلى دەپ
تەمەننا قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىشنى رەت
قىلىدۇ. ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى تەرەققىي تاپقان دۆ-
لەتلەرنىڭ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن
نەرسىلىرى بولۇپلا قالماي، جۇڭگونىڭ زېمىنىدىكى ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ بىز خەنزۇلار ئۆگىنىشكە
ئەرزىيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. سىلەر نېمىشقا بۇنى كۆ-
رۈپ يېتەلمەيسىلەر؟» مەن ئۇلاردىن :«سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ
ئۆيلىرىدە مېھمان بولۇپ باققانمۇ» دەپ سورىسام، ئۇلار
«مېھمان بولغان» دەپ جاۋاب بەردى. «ئۇلار سىلەرنى
ھاراققا زورلامدۇ؟» ئۇيغۇرلارنىڭ باغلىق ھويلىلىرىغا بې-
رىپ قالسىڭىز ئۇلار پەتنۇستا چاي تۇتىدۇ، باغقا گىلەمنى
سېلىپ، بىر نەچچەيلەن سىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدۇ.
قايماق چاي، ھەر خىل تاتلىق - تۈرۈملەرگە ئېغىز تەگكەچ
تۇرىسىز. ئاندىن قوي گۆشىدە كاۋاب قىلىدۇ. كاۋاب پىش-
قاندىن كېيىن لىگەنلەردە ئالدىڭىزغا ئېلىپ كېلىدۇ.
ساھىبخان قائىدە - يوسۇن ئورنىدا كاۋابقا ئېغىز تېگىپ،
سىزنى چوڭ - چوڭ يېقىشقا دەۋەت قىلىدۇ. كاۋابنى يەپ
بولغاندىن كېيىن ھاراق تارتىلىدۇ. كاۋاب بىلەن تويۇۋالغاچقا
ھاراق سىزگە ئېغىر كەلمەيدۇ. پەتنۇستىكى كىچىك رومكىلا-
رغا تولدۇرۇپ ھاراق قويۇلىدۇ، سىز خالىغىنىڭىزنى ئالسىڭىز
بولىدۇ. ئىچكۈڭىز كەلمىسە، ئاغزىڭىزنى تەگكۈزۈپ قويسى-
ڭىز، ساھىبخان سىز ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېتىدۇ، سىزنى مەجبۇر-
لىمايدۇ. ئۆزى قىلالمىغاننى باشقىلارغا تاڭماسلىق كېرەك -
تە. بەزىلەر ھاراق كۆتۈرەلمەيدۇ، بەزىلەر كۆتۈرەلەيدۇ، بە-
زىلەرنىڭ جىگەر كېسىلى بولغاچقا، ھاراق ئىچەلمەيدۇ، ئۇ-
نىڭغا ھاراق ئىچۈرسىڭىز ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. سىز نېمە
ئۈچۈن ئۇنچىۋالا ياسالمىلىق قىلىپ، ئۇنى ھاراق سورۇنىنىڭ
ئۆزىدىلا ئۇجۇقتۇرىۋەتمەكچى بولىسىز، شۇنداقمۇ - ئە-
مەسمۇ؟ ئەمما ئۇيغۇرلار بۇ جەھەتتە كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدۇ
ئىچكۈڭىز كەلسە، قانچىلىك ئىچسىڭىز مەيلى، مەيلى قانچە-
لىك ئىچىڭ مەن سىزدىن رازى، ئىچەلمىسىڭىز ئاغزىڭىزغا
تەگكۈزۈپ قويۇڭ، مەن سىز ئۈچۈن ئىچىۋېتىمەن، دەيدۇ.
بۇ باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، چۈشىنىدىغان، ئاسرايدىغان
مەدەنىيەتتۇر. يەرلىك خەلقتىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

بۇ سۆزلەر بەلكىم رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدەك ئاڭلان-
غاندۇ، ئەمما بۇ راست. ھەقىقەتەن يەرلىك خەلقتىن ئۆگىنى-
شىمىز كېرەك. مۇنداق خىسلەتلەر ئۇلاردا كۆپ. بۇنداق مە-
دەنىيەت قارىماققا، بىرئاز ئوخشىمايدىغاندەك كۆرۈنگىنى
بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ، كىشىلەر بىلەن
كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر خىل چۈشىنىشتۇر. ئۇ بىر - بىرىگە
سوغۇق مۇئامىلە قىلىش، بىر - بىرىدىن پايدىلىنىش ئەمەس.
بۇ جەھەتتە ماڭا بىر ئىش چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. بىزنىڭ
شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ پۇتبول ئارمىيە بويىچە بىرئاز
ئۆزگىچىلىكى بار سانىلىدىغان بىر سەنئەت ئۆمىكىمىز ئىلىغا
ئويۇن قويغىلى باردى. ئۆمەكتە تەخمىنەن 80 نەچچە ئادەم
بولۇپ، ئۆمەكتە ئىلىلىق بىر ئارتىس يىگىت بار ئىدى. ئۇنىڭ
ئاتا - ئانىسى ئۆمەكنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆمەككە
كېلىپ: سىلەرنى تاماققا چاقىرىۋالساق، بالىمىزنىڭ ھالىدىن

www.uyghurkitap.com

خەۋەر ئېلىۋاتسىلەر، ئۇنى سىلەر تەربىيلەپ، ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتسىلەر، سىلەرگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن سىلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلىمىز، دېدى. ئۆمەكتىكىلەر ئۇلار ئۆمەكنىڭ رەھبەرلىرىنى مېھمانغا چاقىرغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۆزردخاھلىق ئېيتتى. ئۇلار: زادى بارمىساڭلار بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۆمەكتىلەر بىرنەچچە رەھبەرنى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى. بوۋاي، موماي بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «ياق، ياق، باشلىقلارنىلا ئەمەس، ھەممىڭلارنى، ھەممىڭلارنى تەكلىپ قىلىۋاتىمىز»، دېدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك، چوڭ ـ كىچىكلىك دېگەن نەرسىلەر مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆمەك باشلىقى، سىياسىي كومىسسار، سەنئەت يېتەكچىسىدىن تارتىپ ئادەتتىكى ئارتىسلارغىچە 80 نەچچە ئادەمنىڭ ھەممىسىنى چاقىردى. قانداق مېھمان قىلدى دېمەمسىلەر، پولۇ ئەتتى، قوي سويدى. قانچە يەشىك ھاراق ئىچىلگەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ، ئىشقىلىپ ناھايىتى كۆپ ئىچىلدى. باي، قول ئىلكىدە بار بىر ئۇيغۇر 20 ـ 30 مىڭ يۈەن خەجلەپ 80 نەچچە ئادەمنى مېھمان قىلدى. ئۇلارنىڭ مېھمان قىلغىنى مېھمان قىلغان بولدى، كېيىن ھېچكىم ھېچكىمنى تونۇمايدۇ، ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن پايدىلىنىۋېلىش غەرىزى يوق. بىز ئۇنداق ئەمەس. بۈگۈن مەن سىزنى مەيلى ئومۇمنىڭ پۇلىغا ياكى نەخسىي پۇلۇمغا مېھمان قىلاي، ئەتىسى سىزنىڭ ماڭا قايتۇرىدىغىنىڭىز بىرنەچچە ھەسسە ئاشقان بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، مەن سىزنى بىكارغا مېھمان قىلغان بولۇپ قالىمەن. مەن دەيمەن، سىلەر باشقىلارغا مېھمان بولۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بېرەلمەيسىلەر. نېمىشقا ھەمىشە بىزلا ھۆرمەتسىزلىك قىلىمىز؟ بىز دېگەن قائىدە ـ يوسۇنلۇق، كۇڭزى، مېڭزىلارنىڭ يولىنى تۇتقانىمىز، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە، بىز دېگەن سەلتەنەتلىك چوڭ دۆلەت دەپ پەخىرلىنىپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايمىز. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ بۇنچىۋالا مەغرۇرلىنىشىمىزنىڭ ئاساسى يوق. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە مەنپەئەتپەرەسلىك خاھىشى، باشقىلاردىن پايدىلىنىش مىجەزى، سەممىي بولمىغان نەرسىلەر، ئىنسان تەبىئىتىگە يات نەرسىلەر بەك كۆپ. شۇڭا بىز دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتنى ئۆگىنىپلا قالماي، ئەتراپىمىزدىكى، بىز بىلەن بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان، بىز بىلەن بىرلىكتە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئاز سانلىق مىللەتلەردىنمۇ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە مەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممە يېرى ئارتۇقچىلىق دېمەكچى ئەمەسمەن. بىز ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، يېتەرسىزلىكىنى ئۆگەنمەسلىكىمىز كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ، نېمىشقا ئۇلاردىن ئۆگەنمەيمىز؟

مۇشۇنداق مەدەنىيەت شارائىتىدا بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز، مېنىڭ ئەدەبىياتىم يەنە باشقا شەكىلدە بولالامدۇ؟ ئۇ جەزمەن مۇشۇنداق ھاۋا، مۇشۇنداق تۇرمۇش بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك بولىدۇ. ئۇ باشقا بىر دۇنيانىڭ مەنزىرىسىنى خەنزۇ تىلى بىلەن تەسۋىرلەش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ 5000 يىللىق يېزىق مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاشۇ شەيئىينى چۈشىنىشتۇر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھېچكىم مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولۇمنى چۈشەنگەن ئەمەس. سىلەر جۇتاۋنى ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە، مەردانە يازغۇچى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇنداق ئېسىل، قەلىمى مۇنداق كۈچلۈك دېيىشىسىلەر، مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيمەن. سىلەر مېنىڭ ھەقىقىي قىممىتىمنى ھېس قىلىپ يېتەلمىدىڭلار. مەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، مۇشۇ يەردە ياشاپ، بىر بايراق تىكلىدىم، مانا بۇ مېنىڭ ئەھمىيىتىم. مېنىڭ يېزىۋاتقىنىم 5000 خەت، يېزىۋاتقىنىم ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە ئەمەس، 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە خەنزۇ يېزىقى. 5000 خەنزۇچە خەت. مەن كۆپ خەت تونۇمەيمەن، لۇغەت ئاختۇرمايمەن، ئەمما 4000 ـ 5000 خەتنى تونۇيمەن. مەن مۇشۇ خەتلەر بىلەن بۇ يەردە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئىزناسىنى قالدۇرىمەن. مەن ئۇلارغا خەنزۇلارنىڭ غەربىي دىياردىن ئىبارەت بۇ زېمىننى ئۆز مىللەتلىرىنىڭ ئارىسىغا قوشۇۋېلىشقا تالانتى ۋە ئىقتىدارى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرىمەن. مېنىڭ قولۇمدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ، مېنىڭ ھوقۇقۇممۇ، نۇرغۇن مەبلىغىممۇ يوق، مەندە بارى پەقەت تولۇپ تاشقان سەممىيلىك، ئىسسىق جان، كۆزلىرىمگە تولغان لىپمۇلىق ياش. (چاۋاك) مەن «ھېلىمۇ ياخشى شىمالدا ياشاپتىمەن» دېگەن نەسرنى يازدىم. ئۇنىڭدا «ھەر يىلى قىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مەن بىردىنلا قايتىدىن بىر ئۆسمۈرگە ئايلىنىپ، دۇنيانى قايتىدىن باللارغا ئوخشاش قىزىقىش ئىچىدە كۆزىتىمەن» دېگەن گەپلەر بار. بىر پروفېسسور: پەسىللەر چېگرىسىدا دانالار دۇنياغا كېلىدۇ، دېگەنىكەن. مەن: قىش بىلەن يازنىڭ پەرقى كۈچلۈك بولغان جايدا دانالار دۇنياغا كېلىدۇ، دەيمەن. چۈنكى ئۇ يەردە قىشنى باشتىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھاياتلىقنىڭ باھار بىلەن تەڭ قايتىدىن يارىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز. ئۆزىڭىزنىڭ قايتىدىن تۆرەلگەنلىكىڭىزنى، نېرۋاناغا يەتكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىسىز، سىز داۋاملىق ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرىسىز. ئاداققىچە ياشاۋېرىسىز، ئۆلۈم، كېسەللىك، قېرىش دېگەنلەرگە پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈپ قارىيالايسىز. سىز نېمىگە تايىنىپ شۇنداق قىلالايسىز؟ باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىڭىزگە، ئېسىڭىزدە ساقلىغانلىرىڭىزغا تايىنىپ شۇنداق قىلالايسىز. ئۆزۈمنىڭ ئون نەچچە يىل، يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى يازغان نەرسىلىرىمنى قايتا ئوقۇغىنىمدا مەن قىلچىمۇ ئۆكۈنمەيمەن، ئۆزۈمدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىمدىن تارام ـ تارام ياش تۆكىمەن. كۆپچىلىككە رەھمەت.

چېڭ باۋشىڭ فوتوسى

---

خەنزۇچە: «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 2002 ـ يىلى 2 ـ مارت سانىدىن **پەرھات توختى** تەرجىمىسى



# تارىم ۋادىسىدىن جەنۇبىي دېڭىز ساھىلىغىچە ...

(ئەدەبىي خاتىرە)

**ئەخمەت تۆمۈر**

**مۇقەددىمە**

2003 ـ يىلى دېكابىرنىڭ ئاخىرى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن خەنزۇ، ئۇيغۇر بولۇپ يەتتە نەپەر كەسپدىشىم بىلەن شەرقىي دېڭىز ساھىلىدىكى گۈزەل ئارال شەھىرى خەيكۇغا كېلىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئالدىن تەرەققىي قىلغان رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت، ساياھەتچىلىك، قاتناش، مۇلازىمەت بىر گەۋدە قىلىنغان ئورۇنلىرىنى نۇقتىلىق كۆرۈپ، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا تەپەككۇر قۇشلىرىم، ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇلىرىم دېڭىز بېلىقچى قۇشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ زۇمرەتتەك سۇزۇك سۇ، كۆپكۆك ئاسمان، يېشىللىق دۇنياسىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

مەن بۇ ئاددىي كۈندىلىك خاتىرەم ئارقىلىق، يۇرتىمىزنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى لايىق تاپتىم.

**2004 ـ يىل 2 ـ يانۋار، خەيكۇ**

«دېڭىز ئاغزى» دېگەن نامى بار بۇ شەھەر جەنۇبىي دېڭىز ساھىلىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۆزگىچە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئىگە. يوللار شۇنچە ئازادە، يول قاسنىقىدىكى پىكوس دەرەخلىرى يولغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. بۇ جايدا ئاسمانپەلەك ھەشەمەتلىك بىنالار ئانچە كۆزگە چېلىقمايتتى. ئېچىۋېتىلگەن بۇ شەھەر ئەمدىلا ئۆزىنىڭ يېڭىباشتىن قەددىنى رۇسلىغان ياش يىگىتتەك شۇنچە يېقىشلىق، شۇنچە مەردانە. نەمخۇش ھاۋا، سەلكىن دېڭىز شاملى ئادەمنى تولىمۇ ھۇزۇرلاندۇراتتى. كەچ سائەت 9:40 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇچقان ئايروپىلان گۇاڭجۇدىن 50 مىنۇتتا بىزنى بۇ شەھەرگە يەتكۈزدى. ھەش ـ پەش دېگىچە 800 كىلومېتىر يول ئارقىدا قالغانىدى. گۈل ھىدىغا تولغان دېڭىز ساھىلى بىزنى ئۆز قۇچىقىغا ئالدى.

—ياخشىمۇ سىز، تىنچ ـ ئامان كەلدىڭىزمۇ؟ ـ دەپ سالام قىلدى دېڭىز گۈزىلى تەبەسسۇم بىلەن.

2004 ـ يىل 3 ـ يانۋار ئەتىگەندە يىغىن باشلاندى. يىغىنغا خەيكۇ شەھىرى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئامۇۋى مەدەنىيەت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى. يىغىندا بۇنىڭدىن كېيىنكى يېڭى دەۋر مەدەنىيەت خىزمىتى، سەنئەت يۇرتى ۋە مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلەندى. ھەرقايسى ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر پىكىر قاتناشتۇرۇپ، كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بىز شىنجاڭ، شىزاڭ، ئىچكى موڭغۇلدىن كەلگەن ۋەكىللەر ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى كۆپرەك ئاڭلاشقا تىرىشتۇق، پىكىر بايان قىلمىدۇق. ۋاقتىمۇ قىس. شۇ تاپتا ئېگىمىزدىكى مەدەنىيەت قارىشى ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگىدەك قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىمىز ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭكىدىن زور پەرق قىلاتتى. مۇئەسسەسە، شارائىتىمىز ناچار، ئەمما بىزدە قايناپ تۇرغان جاسارەت،

خەلقنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلىدىغان روھ بار.

2004 - يىل 5 - يانۋار چۈشتىن كېيىن سەنيا ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم ساياھەت نۇقتىسى بولغان سەنجۇغا كەلدۇق. گۈزەل تاغ - ئېدىرلار، مىڭ - تۈمەنخىل ئېچىلغان گۈل - گىياھلار مېنى مەستخۇش قىلىۋەتتى. دەرۋازىدىن كىرىشىمىزگە مياۋزۇ قىزلىرىنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى، قىزغىن قارشى ئېلىش كەيپىياتى بىزنى روھلاندۇرۇۋەتتى.

بىز يول باشلىغۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت زالىغا كىرىشىمىزگە، بىر نەچچىمىزنىڭ بوينىغا قىزىل تاۋاردا «مۇنچاق» تەك ياسالغان يىل قونچىقىنى ئېسىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە تويى بولغان يىگىتكە ئايلىنىپ قالدۇق. تەبرىك ناخشىلىرىدىن كېيىن كىچىك ھۇجرىلارنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلدى. شۇ تاپتا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى گويا راستتەك بىلىنىۋاتاتتى. مەن يېنىمدىكى ھەمراھلىرىمغا قارىدىم، ئۇلارمۇ ماڭا قارايتتى.

— چىقىپ كېتەيلى، بولمىسا كېتەلمەي قالىدىغان ئوخشايمىز، - دېدىم مەن قىزىقچىلىق قىلىپ.

— شۇنى دېسلە، بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم، چىقىپ كېتەيلى، ئەخمەتجان.

مەن سەپەرداشىم ئەزىز ئەپەندىنىڭ پىكرى بويىچە ئۇلارغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ بۇ ئورۇندىن ئايرىلدىم.

— پۇل، - دېدى سورۇن باشقۇرغۇچى.

— نېمە پۇل؟

— توي پۇلى

— توي پۇلى؟ ...

مانا بىز چوڭ ئىشىكتىن كىرىشكە تۆلىگەن 60 يۈەندىن سىرت يەنە 50 يۈەن خەجلىدۇق. ئاجايىپ ئىشلار ئىكەن - ھە، - دېيىشتۇق ئۆزئارا.

— سىلەرمۇ يۇرتۇڭلارنىڭ توي شەكلىنى ساياھەتچىلىك پائالىيەتلىرى قاتارىغا كىرگۈزسەڭلا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ مى.

مەنمۇ شۇ تاپتا ئويلاپ قالدىم. توي سورۇنىدىكى نۇرغۇن قىزىقچىلىقلارنى سىستېمىلاشتۇرۇپ چىقساق...

بىز پاراڭلىشىپ مېڭىپ، يۇرتىمىزدا تەشتەكلەردە ئۆستۈرىدىغان نۇرغۇن گۈل - گىياھنىڭ بۇ جايدا قۇچاق يەتكۈسىز دەرەخلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈشتۇق.

— ۋاھ، ما كارامەتنى، - دەۋەتتۇق بىز.

راست، بۇ جاي رىۋايەتلەردىكى چاھار باغلارغا ئوخشايتتى. بىز قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئېلىشتۇق، ئايلىنىپ يۈرۈپ ھالىمىزدىن كەتتۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش يولىدا سىستېمىلىق ئىزدەنگەنلىكىنى ماختىماي تۇرالمىدۇق. ئورمانچى قىزلار يەرلىك چىغ شىلەپىلىرىنى كىيىۋېلىپ، ھەتتا يىڭنىدەك ئارتۇقچە شاخ - پاياقلار بولسۇن قىرقىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ گۈلزارلىق دۇنياسى پۇل تېپىشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، ساياھەتچىلىكنىڭ مۇھىم تۈر قۇرۇلۇشىغا ئايلانغاندى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، ساياھەتچىلىك، مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بىزدىن نەچچە ئون يىل ئىلگىرى دېيىشكە بولاتتى. ئەمما سۈرۈشتە قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ كەسىپنىڭ يولغا قويۇلغىنىغا بىرقانچە يىللا بوپتۇ، تېخى نۇرغۇن ئەسلىھە قۇرۇلۇشى يېڭىدىن ياسىلىۋېتىپتۇ، كېڭەيتىلىپتۇ. تىنچلىق - ئاسايىشلىق بولغاچقا ھەممىلا ئادەمنىڭ يۈزىدە كۈلكە.

2004 - يىل 6 - يانۋار، سەنجاۋ مېھمانخانىسى

كېچە. خاتىرە يېزىۋاتىمەن. مۇشۇ خاتىرىنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا يۇرتۇمدىكى «ئالتۇنغا دەسسەپ تۇرغان» نامرات خەلقىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى... بايلىق دېسە بىزدە بار، ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن لىق تىللا قاچىلانغان ھەميانىنىڭ ئاغزىنى قانداق ئېچىشنى بىلمەيتۇق، ئىزدەنمەيتۇق. شۇنچە ئېسىل ساياھەت نۇقتىلىرى، ئۇ جايلاردا كۆرسىتىشكە تېگىشلىك خىلمۇخىل ئويۇنلار، مىللىي ئۆرپ - ئادەت شەكىللىرى، ئۆزگىچە ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىلار، ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبقا ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىمىز شۇنچە كۆپ تۇرسا، نېمىشقا ئاغزىمىزنى ئېچىپ يۈرۈيدىغاندىمىز؟ كىشىلەر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، بىز سورىغان بىرەر نىشاننى كۆرسىتىپ بەرگەنگىمۇ پۇل ئالىدىكەن. ئەقلىم ھەيران. مانا، قولىمىزدىكى كاللەك - كاللەك پۇللار ئۆزىمىز سەزمىگەن ھالدا باشقىلارنىڭ ئېتىكىگە چۈشۈپ كەتتى. بىزمۇ ئەقلىمىزنى ئىشقا سېلىپ پۇل تاپايلى، ساددىلىقىمىز، دۆتلىكىمىزنى تاشلايلى. «ئاق كۆڭۈل»، «كۆڭۈلچەك» دېگەن مەدھىيە سۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرىدىغان ۋاقت كەلگەن ئوخشايدۇ.

2004 - يىل 7 - يانۋار

مەن سەپەرداشلىرىم بىلەن تاغ باغرىغا جايلاشقان ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى لىمياۋزەي كەنتىنىڭ ئۆرپ - ئادەت، ساياھەتچىلىك نۇقتىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. پۈتكۈل ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەنگەن، ئېدىرلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى پۈتۈنلەي قۇرۇق چىغ بىلەن يېپىلغانىدى. ھېلىلا يېشىللىقتىن چىققاندا بۇ كۆرۈمسىز شال - ياغاچلار بىلەن مىخلانغان ئۆيلەر كىشىگە بىر خىل سولغۇن - نامرات تۇيغۇ بېرەتتى. ئەمما ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى ماللارنىڭ ھەممىسى شۇ يەرلىك دېھقانلارنىڭ ئىشلىگەن مەھسۇلاتلىرى ئىدى. ئۆيلەرنىڭ 2 - قەۋەتلىرىدە كۆرسىتىلىۋاتقان نومۇرلارمۇ شۇ يەرلىك مياۋزۇلارنىڭ بامبۇك ئۇسۇلى ئىدى.

بەدەننى كۆيدۈرىدىغان ئاپتاپ ئادەمنى تەرلىتىپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. تۈزلۈك سايىدىغىدەك دەرەخمۇ يوق. ئەمما شۇنچە كەڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا ساياھەتچىلەرنى ئەكەلگەن چوڭ تىپتىكى ئاپتوبۇسلار پەتىشماي قېلىشقانىدى.

دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلىدىغاندەك ئەمەس. كىرىش بېلەتتى سېتىۋېلىش پوكىيىگە پۇللار غازاڭدەك تۆكۈلمەكتە. ئويلاپ قالدىم: ئۇلار ئەسلىدىكى كونا ئۆيلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىنىمۇ ئۆزگەرتمەي ساقلاپ، كۆرگەزمە ئورنى قىلىپ پۇل تاپقان. بىزنىڭ كۆچا كونىشەھەر ساياھەتچىلىكىنىڭ بىر ياخشى كۆزنىكى بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى ـ ھە؟ خانىقا جامەئەسى مەركەز قىلىنىپ ئۆرپ ـ ئادەت كوچىسى، ھۆنەرۋەنلەر كوچىسى، كۆچا تائاملىرى كوچىسى تەمىر قىلىنسا، ئۇنىڭدا خىلمۇخىل يەرلىك دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك ئەسلىھەلىرى كۆرگەزمە قىلىنسا، ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلەر، ئۇيغۇر تائاملىرى تونۇشتۇرۇلسا. ھۆكۈمەت يار ـ يۆلەكتە بولۇپ ئۇندىن يىگىرمىگىچە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدىكى ئازادە ئۆيلەر سېلىنسا. مۇشۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئېڭىغا ئىلھام بېرىلىپ، دەسلەپكى ئۈلگە بارلىققا كەلسە، بىزنىڭمۇ ساياھەتچىلىكىمىز تەرەققىي قىلىپ ۋايىغا يەتسە ئەجەب ئەمەس. كونا ئۇسلۇبتىكى جوۋازلىرىمىز، يىپ ئىگىرىش چاقلىرىمىز، پاختا چىقىرىدىغان چىغىرىقلىرىمىز، يەنە كۆتەك هارۋا، تۆمۈرهارۋا، سۇ توشۇيدىغان ياغاچ تۇڭلىرىمىز، ياغاچ تەڭنە، ياغاچ ئاياق، قاچا ـ قۇمۇشلارنى نەق مەيداندا ئىشلىتىپ، ھۈنەر كۆرسىتىلسە ھەممىسى پۇل بولماسمۇ؟

ئەنە، بەش ـ ئالتە نەپەر ياپونىيىلىك، كورىيىلىك باغچا ئىچىدىكى خېلى بۇرۇنلا سۇيى قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇق بېشىغا بېكىتىپ قويۇلغان چىغىرىقنى چۆرۈپ، ئۇنىڭغا باغلانغان ئارغامچىنى ئايلاندۇرۇپ، سۈرەتكە چۈشتى. ئۆزلىرىچە بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈشتى. ئاشۇ كىچىككىنە ئاددىي كونا قۇدۇق ساياھەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. ئېكسكۇرسىيە ـ ساياھەت داۋامىدا مالايسىيادىن كەلگەن خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ كونسېرتلىرىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ قومۇش تارشىلىرى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان ئاددىي چالغۇسى هازىرقى زامان ئېلېكترونلۇق چالغۇلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئاجايىپ بىر خىل يېقىملىق كۈي هاسىل قىلغانىدى. مەن بىر هازاغىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئەجەب بىزنىڭ چالغۇلىرىمىز، قالۇنلىرىمىز، قومۇزلىرىمىزنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىكىنا. بىزمۇ ئېلېكترونلۇق چالغۇلارغا ئېسىلىۋالماي، يەرلىك چالغۇلىرىمىزنى كۆپرەك ئىشلەتسەك بولغۇدەك ـ ھە ...

خىياللىرىم تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. شۇ تاپتا بۇ جاينىڭ ھەر بىر گىياسى، ھەربىر جانلىقى، ھەربىر تۈپ دەرىخى ساياھەت بايلىقىغا ئايلانغانىدى. دېڭىز ساياھەت رايونىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز قورام تاش ئىلاھلاشتۇرۇلغان بولۇپ، «بۇ تاشنى بىر قېتىم تۇتۇۋالغان ئادەم 100 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ، ئۈستىگە چىققانلىكى ئادەم 1000 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ» دېگەن خەت تاشقىمۇ يېزىلغان. گەرچە بۇ رىۋايەت بولسىمۇ، مۇشۇ جايغا كەلگەنلىكى ئادەم بۇ تاشنى تۇتۇپ تۇرۇپ ياكى سىلاپ تۇرۇپ، ھېچ بولمىسا يېنىدا تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشمەي كەتمەيدىكەن. سۈرەتكە چۈشكەندىن كېيىنلا سۈرەتچىگە 15 يۈەن تۆلەيدىغان گەپ.

دېڭىزدىكى پاراخوت، كېمە، قېيىق، قۇملۇقتىكى ئارام ئېلىش ئورۇنلىرىنىڭ مۇلازىمەتتىنى سۆزلىمىسەممۇ بولار. بۇ جايغا ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىۋاتقان ساياھەتچىلەر تولىمۇ كۆپ ئىدى.

مانا، ھەش ـ پەش دېگۈچە يانچۇقتىن 200 يۈەن چىقىپ كەتتى. ئۇلار پۇلنى بۇلاپ ئالمىدى، بەلكى ئۆزىمىز قىيغان ـ قىيمىغان ھالدا ئىككى قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويدۇق.

مەن ئويلاپ قالدىم: يۇرتىمىزنىڭ مۇشۇنداق ساياھەتچىلىك نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىش، بولۇپمۇ تۇرلۇك شەكىلدىكى ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيەتلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئۇنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ يولغا قويۇش تامامەن مۇمكىن بولىدىغان ئىشقۇ؟ شۇنداق بولغاندا خەلقنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن، 3 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلقنىڭ ھال ـ كۈننى ياخشىلاشتىن سۆز ئاچقىلى بولىدىغان ئوخشايدۇ. بىزدە تېخى ئىدىيە ئازاد بولمىغان، بولغاندىمۇ ئۆز رايونىمىز، ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىگە نىسبەتەن قوزغىتىش خاراكتېرىدىكى ئىدىيە، كۆزقارىشى تۇرغۇزۇلمىغان. بولۇپمۇ مۇشۇ كەسىپكە نىسبەتەن تەشۋىقات سالمىقى بىزدە ئىنتايىن ئاجىز ھالقا ئىكەن. تېخى كاللىمىزدا ئىقتىسادتىن ئىبارەت مۇھىم فورمۇلا ئورۇن ئالماپتۇ. بىز خەجلەشنى بىلىدىكەنمىز، ئەمما ئېلىشنى، قايسى يوللار بىلەن ئېلىشنى بىلمەيدىكەنمىز. ئەنە ئالدىمىزدىكى موتىسكلىت ھەيدىگەن يىگىت 50 مېتىر يىراقلىقتىكى بىر تۇڭگان ئاشخانىسىنى كۆرسىتىپ قويغىنىغا بەش يۈەن ئالدى. بۇ جايدىكى ئارتىس، شوپۇر، مۇلازىمەتچى، كىراكەش دېگەنلەرنىڭ دەستۇرى ئىقتىسادىي ئۇقۇم ئىكەن.

...

ئۇزاققا سوزۇلغان ئالىي تاشيولدا بىز ئولتۇرغان كونا مىنبۇس گۇرۇلدەپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. باشقا جايدىن كەلگەنلەر ئالىي دەرىجىلىك ساياھەت ئاپتوموبىللىرىدا ئولتۇرۇپ سەيلە قىلىشتى. بىراق بىز ئاقسۇدىن بارغان ئالتە

www.uyghurkitap.com

كىشى ئىقتىسادنى تېجەش ئۈچۈن ئەرزان كىرا مىنبۇسغا ئولتۇردۇق. تاغ باغرىنى بويلاپ سوزۇلغان ئاسفالىت يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆستۈرۈلگەن چوغلۇق گويا يېلىنجاۋاتقان بىر پارچە ئوت يالقۇنىغا ئوخشاش يۈرىكىمىزگە ھارارەت بەرمەكتە ئىدى. بىز مىنبۇس ئەينەكلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ سۈرەتكە تارتتۇق، قېنىپ ـ قېنىپ نەپەس ئېلىشتۇق، گۈللەرنىڭ ھىدىنى پۇرىدۇق.

ئۆتكۈر كۈن نۇرى بەدەننى كۆيدۈرەتتى. بىراق ئارقىدىنلا كىشىگە ئۇرۇلىدىغان سالقىن دېڭىز شامىلى ئادەمنى يەڭگىل سىپاپ ئۆتەتتى. بۇ گويا كىچىك ۋاقتىلىرىمدا ئاپامنىڭ ماڭا تاماق يىگۈزۈۋېتىپ، تەرلەپ كەتسەم ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ يەڭگىل پۈۋلەشلىرىگە ئوخشايتتى. قايناق تار كوچىلار، كۆركەم ئەمما ئېگىز ئەمەس مىللىي ئۇسلۇبتىكى بىنالار، كوچىلارغا سايە تاشلاپ تۇرغان پالما دەرەخلىرى بۇ جايغا بىر خىل سېھرىي كۈچ ئاتا قىلغانىدى. بىز تاماقنى يەپ بولۇپ كوچىلارنى، سودا بازارلىرىنى ئارىلىدۇق. مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ تۈرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز پەقەت بىر نەچچە خىللا. ئاپېلسىن، بانان دېگەنلەرنىڭ باھاسى تولىمۇ ئەرزان. كىچىك ئەمما سكەردەك تاتلىق تاۋۇزلار، تاتلىق ياڭيۇ، دانلىق پىشقان كۋاشلار ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى. تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك ئاھالىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە خاس مىللىيچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كىيىملىرىنى كىيگەن، شۇنچە ئوچۇق، خۇش چىراي، ھەتتا 100 ياشتىن ئاشقان بىر موماي قەدىمىي قاشتېشى بىلەيزۈكلەر شەكلىدە ياسالغان خرۇستال بىلەيزۈكلەرنى سېتىپ ئولتۇرۇپتۇ.

مەن بىر ھازا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. تار كوچىلاردا سېتىلىۋاتقان تۈرلۈك سانائەت ماللىرى، يېمەك ـ ئىچمەك شۇنچە مول ھەم ئەرزان. بىز كوچا ئايلىنىۋېتىپ يول بويىدىكى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. ئۇلار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ، بىر ـ بىرلىرىگە ئېسىلىشىپ ئالدىمىزدىن ئۆتمەكتە. تۇڭگان، خەنزۇ، مياۋزۇ، لىزۇ ... ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيىۋېلىشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇلار شۇنچە ئوماق، شۇنچە ئىجىل. نەگىلا قارىسا يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۇرۇلگەن. كىشىلەر چوڭ، قايناق شەھەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىدىن چارچاپ، ھەشەمەتلىك ئېگىز بىنالىرىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىشنى خالاپ، ئۆزلىرىنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق پىلانلاپ مۇشۇنداق جايلارغا كېلىدىكەن. ئۇلار ئۆزگىچە تاماق، ئۆرپ ـ ئادەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىن ئاراملىق تاپىدىكەن. بىزمۇ شۇ مەقسەتتە يۇرتىمىزدىن سەككىز مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ جايغا كەلدۇق. بىرمۇنچە پۇللارنى مۇشۇ جايلاردا خەجلىدۇق. كۆز ئالدىمغا يەنە يۇرتۇم ـــ قەدىمىي كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ ئانا بۆشۈكى دەپ ئاتالغان كۇچا، ئۇ جايدىكى بىر ـ بىرىگە ئىجىل بولۇپ ياشاۋاتقان ئەمگەكچان خەلقىم كېلىۋالدى. بىزنىڭ ئاشۇ قەدىمىي كونىشەھەر، ئېگىز ـ ئېگىز قەدىمىي سېپىللار، تۈرلار، مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئۆيلەر، قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ گۈزەل، رەڭدار نەقىشلىرى، ئەرزان ئەمگەك كۈچى، يېمەك ـ ئىچمەك، مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەر دۇنياسى، يەنە تېخى باغۇ ـ بوستانلىق يېزا ـ مەھەللىلىرىمىز، ئۇنىڭدىكى خالىس نەغمە ـ ناۋاچى سازەندىلىرىمىز ... ئىشقىلىپ ھەممىسى بىزنىڭ ئېچىشىمىز، يولغا سېلىشىمىز، يار ـ يۆلەكتە بولۇشىمىزنى ساقلاپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. مەلۇم دەرىجىدە سىياسەت بەرسەك، ئەلامەمۇرىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىسەك، ئىقتىسادىي جەھەتتە مەلۇم نىسبەتتە دەسلەپكى قەدەمدە يار ـ يۆلەك بولساق چوقۇم يۇرتىمىزدا مەدەنىيەت، ساياھەتچىلىك، مۇلازىمەت بىر گەۋدە قىلىنغان تۈر شەكىللىنىپ، يۇرتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پايدىسى بولارمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم. مەن ئىلگىرى بىرقانچە مەركىزىي شەھەر، سانائەت شەھەرلىرىنىلا كۆرگەندىم. بۇ قېتىم جەنۇبىي دېڭىز ساھىلىنى ئايلىنىپ، يېڭىچە قاراشلارغا ئىگە بولدۇم. پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا روناق تېپىۋاتقان بۇ گۆھەر زېمىندىكى ئەمگەكچان، ئەقىللىق ھەر مىللەت خەلقىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

**2004 ـ يىل 9 ـ يانۋار، خەيكۇ ئايروپورتى**

كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا بۇ گۈزەل دېڭىز ساھىلىدىن ئايرىلدۇق. ئايروپىلان بىلەن چوڭچىڭ شەھىرىگە ئۇچۇۋېتىپ، كاللامدا تاتلىق بىر خىيال ئايلىنىپ يۈرمەكتە ئىدى. پۇرسەت بولسا مەن چوقۇم قايتا سەنياغا كېلىمەن. بۇ جايدا دەم ئېلىپ خاتىرە يازىمەن، ئىللىق دېڭىز سۈيىگە چۆمۈلۈپ بالىلىقىمنى ئەسلەيمەن. دۇنيادا مۇنداق گۈزەل، ئارامبەخش جايلار كۆپتۇ. لېكىن كۆڭۈل خاتىرەمدە پەقەت جەنۇبىي دېڭىز ساھىلىلا ساقلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ. كېچە سائەت ئۈچكە يېقىنلاشقاندا چوڭچىڭ ئايروپورتىدىن ياتاققا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. مىچىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاچچىق سوغۇقى كىشىنى ئەندىكتۈرەتتى.

ـــ بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن ئۆرگىلەي، ـــ دېدىم سەپەرداشىم ئەزىز ئەپەندىگە.

ـــ قانداق دەيسىز؟

ـــ تۈنۈگۈن پاھ ـ پاھ ئىسسىقتا ئىدۇق، بۈگۈن مانا دىر ـ دىر سوغاقتا...

ـــ شۇنداق. ئالەمنىڭ مۇنچىلىك كەڭ ئىكەنلىكىنى پەقەت كىتابتىنلا ئوقۇپ، تېلېۋىزوردا كۆرۈپ، مۇنداق

ئايلىنىپ كۆرمەيتتىكەنمەن. جەننەت، جەننەت دېيىشىدىكەنمىز، مانا ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆردۇق ئەخمەتجان.

بىز بىر هازا چاقچاق ـ پاراڭلار قىلىشىپ ئۇخلاپ قالدۇق.

**2004 ـ يىل 10 ـ يانۋار، چۇڭچىڭ**

قەدىمىي پايتەختلەرنىڭ بىرى بولغان چۇڭچىڭ ئېگىز بىنالىرى، ئەگمە سېپىللىرى، ئايلانما، ئېگىز ـ پەس يوللىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. كېچىدىن شۇۋتىلاپ ياغقان يامغۇرنىڭ مۇزدەك شامىلى خېلى كۈچىيىپ قالغانىدى. بىز چۇڭچىڭدىكى مۇھىم قەدىمىي يادىكارلىقلار، ساياھەت باغچىلىرى، سودا رايونلىرىنى ئايلىنىپ كېتىۋاتىمىز. بىز چۆرگىلەپ يۈرۈپ بىر مەسچىت ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. ئېگىز ــ ھەشەمەتلىك مەسچىت قۇببىسى ئاسمان قەرىدە چوقچىيىپ تۇراتتى. مەسچىت ئالدى كەڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانى. مەسچىتنىڭ مېھمانخانا، ئاشخانا ۋە باشقا مۇلازىمەت دۇكانلىرى ھەممىسى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن. بىز ئاشخانا ئالدىغا كېلىشىمىزگە، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاخۇن» دەپ ئاق شاپاق دوپپا كەيگەن سېرىق سىم ساقال تۇڭگان ئاشخانا خوجايىنى قوللىرىنى بىزگە ئۇزاتتى. بىزمۇ جاۋابەن قول بېرىپ، ئۆزئارا تىنچلىق سوراشتۇق.

مەززىلىك مانتا، قورۇمىلاردىن، غۇلاچتا بىر سوزۇلغان لەڭمەنلەردىن تويغىچە يېدۇق. بىز بىلەن بىرگە بارغان خەنزۇ بۇرادەرلەرمۇ ئىشتىها بىلەن تاماق يەپ «شىنجاڭ تەمى، شىنجاڭ تەمى» دەپ ماختاپ كېتىشتى. بىز بۇ ئاشخانا بىلەن خوشلىشىپ، ئەتىكى سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا ئالدىرىدۇق.

ھېلىلا خۇمداندىن چىقىرىلىپ چاسا قىلىپ تىزىپ قويۇلغان خىش دۆۋىلىرىدەك بىر ـ بىرىگە يانداش سېلىنغان سانجاق ـ سانجاق بىنالار، كوچىلارغا پاتماي غۇژغۇلداۋاتقان ماشىنىلار، مىغ ـ مىغ ئادەملەر كۆزلىرىمىزنى ئالچەكمەن قىلماقتا ئىدى. مەن شۇ تاپتا بىردە ئاسمانغا تاقاشقان بىنالارغا قارايمەن، بىردە ئەتراپىمدا ئۆزلىرى بىلىشىدىغان سىچۇەن تىلىدا سۆزلىشىۋاتقان ئادەملەر توپىغا.

**2004 ـ يىل 12 ـ يانۋار**

دۇنياغا ئۆزىنىڭ مۇشۇكئېيىقلىرى بىلەن داڭلىق چېڭدۇ شەھىرى ئۇزاقتىن بۇيان مەيلىمنى تارتىپ تۇراتتى. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن چامادانلىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ ماشىنا بېكىتىگە كەلدۇق. پۈتكۈل ئادەملەر يەر تەۋرىگەندەك، ھەممىسى كوچىغا چىقىۋالغاندەك قىلاتتى. چاغان يېقىنلاپ كېلىۋاتقاچ تۇغقان يوقلايدىغانلار، ساياھەتچىلەر، ئېلىپساتارلار، بىزگە ئوخشاش كېلىپ ـ كېتەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ماكانىغا ئالدىرايتتى. ئايروپىلان، پويىز بېلىتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمىدى.

ــ بولدىلا، ئاپتوبۇستا ماڭايلى، ــ دېدى سەپەردىشىم مۇتەللىپ ئەھەت ئەپەندى.

ھەممىمىز بۇ پىكىرگە قوشۇلدۇق. شۇ تاپتا مۇشۇنداق قىلمايمۇ باشقا ئامال يوق ئىدى. بىر نەچچە كۈندىن بېرى توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇر بىزنى بۇ شەھەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئالدىراتقاندەك قىلاتتى.

ھەر بەش مىنۇتتا بىر ئاپتوبۇس مېڭىپ تۇرسىمۇ، ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئاران تەستە بېلەت ھايانكەشلىرىنىڭ قولىدىن ئاپتوبۇس بېلىتىگە ئېرىشتۇق ھەمدە ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە مېڭىپ، جۇلقى چىقىپ كونا داسقا ئوخشاپ قالغان ئاپتوبۇسنىڭ قېشىغا كەلدۇق ـ دە، ھەممىمىز «ۋاھ»دەۋەتتۇق.

ــ ئەمدى مۇشۇنىڭ بىلەن ماڭامدۇق،ــ دەپ قاپىقى تۈرۈلدى سەپەردىشىم مەۋلان ئەپەندى.

ــ بېلەتنى قايتۇرۇۋېتەيلى، ـ دەپ كەينىگە داجىدى مۇتەللىپ ئەپەندى.

ئەمما بۇ يەردە بىزگە بېلەت ساتقان ھايانكەش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە غايىب بولغانىدى.

ــ بولدىلا مۇتەللىپ ئەپەندى، مېڭىۋېرەيلى،ــ دېدى سەپەردىشىم ئەزىز ئەپەندى.

ــ شۇنداق، بۇنىمۇ كۆرۈپ قويغۇلۇق، ــ دېدىم مەن.

ھەممىمىز مەيۈس ھالدا ئاپتوبۇس ئىشىكىگە قاراپ ماڭدۇق. ئاپتوبۇس قوزغالدى. شامالدەك دىرىلداپ مېڭىۋاتقان ئاپتوبۇس ئۇزاق قالماي شەھەر كوچىلىرىدىن ئايرىلدى. ئېگىز ـ پەس تاغ باغرىدىكى پەلەمپەي ئېتىزلار، ئۇنىڭدا كۆكلەۋاتقان يۇمران مايسىلار، يېڭىدىن بىنا قىلىنغان ئورمان بەلۋاغلىرى، كۆكۈلزارلىقلار تۇمانلىق سەھەردە غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئاپتوبۇسنىڭ قارامتۇل قەغىزى سويۇۋېتىلگەن ئەينىكىدىن كۆزلىرىمنى يىراق ـ يىراقلارغا تىكىپ ئولتۇرىمەن.

بىردە يامغۇر، بىردە قار، بىردە كۈلۈپ چىقىۋاتقان قۇياش. بىر كۈننىڭ ئۆزىدە تۆت پەسىلنى كۆرگىلى بولىدىغان تاغلار. ئەنە، ئاشۇ ئاپئاق بۇلۇتتەك تۇمان ئىچىدە قىزىل شارپا ئارتىۋالغان بىر چوكانچاق مۆڭگۈزلىرى ئەگمە بىر كالىنى يېتىلەپ تاغ چوققىسىدىن پەسكە چۈشۈۋاتىدۇ. خىياللىرىم بىردە ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدىكى جەڭ تۇمانلىرى ئىچىگە شۇڭغۇسا، بىردە 1970 ـ يىللاردىكى بىر ئوبدان ئەينەكتەك كۆلەملەشكەن ئېتىزلارنى «داجەيچە پەلەمپەي ئېتىز» ياسايمىز دەپ، تەپتەكشى ئېتىزلارنىڭ توپىسىنى كولاپ، توشۇپ، شاپلاقتەك ئېتىزغا ئايلاندۇرغىنىمىز...

كەچ سائەت بەشتە، قاسقاندىن كۆتۈرۈلگەن هوردەك تۇمان ئاستىدا گەۋدىسىنى مەزمۇت كېرىپ تۇرغان گۈزەل

شەھەر چېگدۇغا كەلدۇق. شۇ تاپتا 10 ـ 20 مېتىر ئارىلىقتىكى ئادەمنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. ھەرقايسى يول، دوقمۇش، ئايلانمىلاردا قاتناش ساقچىلىرى قوللىرىدىكى يول بەلگە قوراللىرى بىلەن يول باشلىماقتا.

ئاپتوبۇس بېكەتكە كېلىپ توختىغىچە كىراكەشلەر، يول باشلايدىغانلار پەيشەمزگە ئېسىلدى. شۇ ئەسنادا بىر خەنزۇ يىگىت: «شىنجاڭلىق يۇرتداشلار، مەنمۇ شىنجاڭدا تۇرىمەن، ھەربىي سەپتىن ئائىلەمنى يوقلاپ كەلگەن. زېرىكىپ تاغامغا ياردەملىشىپ كىراكەشلىك قىلىۋاتىمەن. يۈرۈڭلار، بىز سىلەرگە يول باشلايلى» دەپ قولىمىزدىكى سومكىلارغا قول سوزدى.

بىز «يۇرتداش» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى تۇتقۇزدۇق. يىگىت كىچىككىنە مىنىبۇسقا بىزنى مانتا تىزغاندەك ئولتۇرغۇزۇپ، چېگدۇ شەھىرىنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى.

—بىزگە ھازىر زۆرۈر بولغىنى قونالغۇ ھەم تاماق، شۇڭا بىزنى شۇ جايلارغا باشلاڭ، ئەرزان، بىخەتەر بولسۇن.

مانا شۇنداق قىلىپ پۇلىمىزغا تۇشلۇق ياتاقتىن بىرسىگە ئېرىشتۇق. ياتاقنىڭ ئىچى ھورداپ، نەنىلا تۇتسا شۇ يەر مىچىلداپ تۇراتتى.

—ئامال يوق، بىر كېچە ئۆتۈپ كېتەر، خەيكۇ، سەنيا، گۇاڭجۇلاردا ئۆتكەن كۈنلەرنى كۆشەيدىغان بولدۇق، دېيىشتۇق ئۆزئارا.

2004 ـ يىل 13 ـ يانۋار، چېگدۇ

ھارغان ـ ئاچقىنىمىزغا قارىماي يامغۇرلۇق سەھەردە كوچىغا چىقتۇق. ساياھەت يولباشچىلىرى قەدەمدە بىر ئالدىمىزنى توسايتتى.

—ئېيمى تاغلىرىغا بارامسىلەر؟ بامبۇكزارلىق، مۇشۇكئېيىقلارنى تاماشا قىلامسىلەر؟ يەنە ھېلىقى 25 مىڭ يوللۇق ئۇزاق سەپەرنىڭ يالدامىسى زەنجىر كۆۋرۈكمۇ بار...

—بىر كۈنلۈك ساياھەت پۇلى قانچە؟

—380 يۈەن.

ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق. شۇ تاپتا ھەممىمىزنىڭ يانچۇقى قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. بىز ئۇلارغا ئۆزرىخاھلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇق، ئەمما شۇ تاپتا ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. «پۇل دېگەن نەرسە ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇردى مانا ئەمدى» دېدىم مەن تۈكۈرۈكۈمنى يۇتۇپ.

ئىقتىساد بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلۇۋاتقان بۇ كۈندە مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ. بولمىسا ئاچ قالىدىغان گەپ. ئەتىگەندىلا تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ ئايروپىلان بېلىتىنى 50% لىك ئېتىبار باھا بىلەن قولغا ئېلىپ، ئۆزئارا شۈكرى دېيىشىپ، شىنجاڭغا قايتىشنىڭ تەييارلىقىنى باشلىۋەتتۇق.

كەچ سائەت ئۈرۈمچى ۋاقتى ئون بىردىن ئۆتكەندە ئايروپىلان چېگدۇ ئايروپورتىدىن كۆتۈرۈلۈپ، گويا دولقۇنلۇق دېڭىزدىكى يۇنۇس بېلىقىدەك دەھشەتلىك شاۋقۇن بىلەن 10 مىڭ مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلدى. تۈمەنمىڭ شامچىراغ يىلىلدىغاندەك چېگدۇ شەھىرىنىڭ ئېلېكتر چىراغلىرى چېكىتتەك كۆرۈنۈپ، ئارقىمىزدا قالدى. «خەير ـ خوش بۇ دۇنيانىڭ غەلۋە ـ پاراڭلىرىدىن خالىي ياپيېشىل بامبۇكزارلىقلاردا خىرامان ياشاۋاتقان ئۇماق مۇشۇكئېيىقلىرى «پىڭ پىڭ، تىڭ تىڭ»لارنىڭ ئەۋلادلىرى دېدىم مەن ئىچىمدە.» ئايروپىلان كۈتكۈچىسىنىڭ لەرزان، يېقىملىق ئاۋازى ياڭرىدى:

—ئەپەندىلەر، خانىملار، ئايروپىلان ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، بىخەتەرلىك تاسمىسىنى باغلىۋېلىڭلار.

پۈتۈن بىر كۈنلۈك جىددىيچىلىك مېنى لەشتەك قىلىۋەتكەنىدى. تاسما باغلاپ بولۇپ ئورۇندۇققا يۆلىنىشىمگە كۆزۈم يۇمۇلدى. شېرىن چۈش. مەن بۇلۇتلار ئارىسىدا يەڭگىل لەيلەۋاتىمەن، توپ ـ توپ بۇلۇتلار شۇنچىلىك ئاپئاق. ئاق لىباس كىيگەن بىر توپ ئۇماق قىزلار بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى.

—ئەزىز مېھمان سىزمۇ سەيلىگە كەلدىڭىزمۇ؟

—ھەئە. سىلەر؟

—بىز ئېيمى تاغلىرىنىڭ پەرىزاتلىرى. يۇرتىمىزنى سەيلە قىلىپ كەلگەنلەر ئۈچۈن يول باشلايمىز. يۈرۈڭ، سىزگە ھەمراھ بولايلى.

ئۇماق بىر قىز قولۇمنى تۇتتى. پۈتۈن بەدىنىم ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز راھەتبەخش سېزىم ئىچىدە تەۋرەپ كەتتى.

قاراڭ، ئۇلارمۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەيدىكەنا؟

مەن ئۇ قىزنىڭ ماھۇتتەك ئاپئاق بىلىكىنى تۇتتۇم.

—سىز شىنجاڭغا، گۈزەل تارىم ۋادىسىغا بارغانمۇ؟

قىز چۈكۈلداپ سۆزلەپ كەتتى:

—ياق. ئەمما بوۋاملاردىن ئاڭلىغان. يۇرتۇڭلارنى بەك گۈزەل دەيدۇ. بىپايان كەتكەن تاغ ـ ئىدىرلار، يايلاقلار، باغۇ ـ بوستانلار، ئۇنىڭدىكى شەربەت مېۋىلەر، ئاستى نېفت دېڭىزى بولغان تەكلىماكان قۇملۇقى ... يەنە تېخى بىزدىكى سۇن ئەۋلىيا، راھىب تاڭسېڭ سىلەرنىڭ ئوت شەھىرىڭلەردە، سىرلىق جىلغىدىكى ئېتىكاپلاردا نوم ئۆگىنىپتىكەن.

—ۋاھ، سىز ئەجەپ جىق نەرسىلەرنى بىلىدىكەنسىز؟—مەن تەئەججۇپ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ تولىمۇ نازىنىن— مۇھەببەتنىڭ تاتلىق بىر سۆيگۈ ئىلاھىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ يېقىن كېلىپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

—قاراڭ ئاۋۇ ئۈزۈلمەس پولات ئارقاندەك تۇتاشتۇرۇلغان سارغۇچ تۇرۇبىلارغا. «غەربنىڭ گازىنى شەرققە

يەتكۈزۈش» نىڭ خاسىيىتىدىن راۋاقلىرىمىزدىكى مەززىلىك تائاملار پىشۋاتىدۇ. گۇتىنىڭ تەپتى كۈچلۈك. قېنى، بىر ئىستاكان ئاپلىسىن سۈيى ئىچىڭ...

قولۇمنى سوزدۇم. قىز سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تولىمۇ مېھرلىك كۈلۈمسىرەپ قىزلار توپىغا قوشۇلۇپ، كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى.

—توختاڭ، ئىسمىڭىز؟ ...

مەن كۈلگىنىمچە ئويغىنىپ كەتتىم. ئالدىمدا ئايروپىلان كۈتكۈچىسى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

—ئەپەندىم، نېمە ئىچىسىز؟

—مېۋە سۈيى ئىچەي.

كۈتكۈچى قولۇمغا مۇزدەك ئەبنۇس سۈيى سۇندى. مەن ئىچىملىكنى تىنماي تۇرۇپ غورتۇلدۇتۇپ ئىچىۋەتتىم - دە، پەسكە قارىدىم. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پەقەت ئايروپىلاننىڭ قانات - قۇيرۇقلىرىدىكى سىگنال چىراغلىرى ۋال - ۋۇل قىلىپ يورۇپ، تۈن قوينىنى خەنجەردەك كېسىپ ئۆتۈپ، يىراق - يىراقلارغا نۇر تارقىلاتتى. ئايروپىلان بۆلۈمچىسىدە خۇشال - خۇرام ئولتۇرغان سەپەرداشلىرىم مۈگدىشىپ، بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغانلىقى توغرىسىدا ئۆزئارا سۆزلەشىپ كەلمەكتە. مانا ھەش - پەش دېگۈچە 20 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئېزگۈ خىياللىرىم بىردە خەيكۇ ساھىلىدا، بىردە تيەنيا، سەنيا ئاراللىرىدا، دىلغا ئارام بەرگۈچى گۈل - گىياھلار، رەڭدار كېپىنەكلەر دۇنياسى دەپ ئاتالغان گۈللەر پادىشاھلىقىدا ھېلىقى مالايسىيالىق خەلق سەنئەتكارلىرى چېلىۋاتقان قومۇش تارشىلىرىدا ياسالغان چالغۇلارنىڭ قەدىمىي مۇڭلۇق كۈيلىرىگە قوشۇلۇپ سەيلە قىلاتتى. گەرچە مەن ھازىر ئۇ جايلاردىن شۇنچە يىراقلاپ كەتسەممۇ، ئۆتكەن كۆڭۈللۈك دەقىقىلەر، خۇشال - خۇرام كۈلكە - چاقچاقلار، گۈلدەك چىرايلار كۆڭۈل ئېكرانىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە.

### خاتىمە

بۈگۈن تارىم ۋادىسىغا—ئانا يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم. بالىۋاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلار، ئەل - ئاغىنە، دوست - بۇرادەرلەر باغرىنى كەڭ ئېچىپ قارشى ئالدى. مەن ئۇلارغا چۈشكەن خاتىرە سۈرەتلەر، سىنئالغۇغا ئېلىۋالغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسەتتىم. ئۇلار ھاڭ - تاڭلىق ئىچىدە بۇ ئىشلارنى رىۋايەت دېيىشىپ، بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تېڭىرقاپ قېلىشتى. سەۋەب ناھايىتى ئېنىق، يۇرتىمىزدا ھازىر قەھرىتان قىش پەسلى، تەبىئەت قارىدىن يېپىنچا، مۇزدىن سېلىنچا ئاستىدا. دەل - دەرەخلەر شېرىن ئۇيقۇدا.

بالىلار بىر - بىرىگە قاراشتى.

—دادا، ئاشۇ گۈللەر ئىچىدە يۈرگەن سەنمۇ؟—دەپ سورىدى ئوغلۇم.

—شۇنداق، مەن.

—ھەيتاڭەي، ھازىر دېگەن 1 - ئاي—قاپاق يارىدى سوغۇق تۇرسا.

—ھازىر ئۇ يەردە قاپاقلار يېرىلىپ، ئۇرۇقلىرى چېچىلىپ، قايتا پىلەك تارتىپ، يەنە يېڭى قاپاقلار چۈشۈپ تۇرىدىكەن ...

ئۆي ئىچىنى كۈلكە قاپلىدى.

—ھەي ي... ئۇ جايلارنى بىزلەر كۆرۈشكە نېسىپ بولمايدۇ، - دەپ باش لىڭشىتتى ئاكام.

مەن ئۇلارغا قارىدىم. شۇنداق. ئۇلارنىڭ دەۋاتقىنى، ئويلىغىنى ھەقىقەت. مۇنداق ئۇچقۇر كېمىگە چۈشۈپ، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يولنى بىر كۈندە بېسىپ، كۆزلىگەن نىشانغا بارىدىغانغا پۇل كېرەك!

—بۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى. خەلقىمىزنىڭ ئاشۇنداق پۇللارغا ئېرىشىپ ئاسىيادىن ياۋروپاغا، تىنچ ئوكياندىن ھىندى ئوكيانغا بېرىپ سەيلە قىلىدىغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى. بىزمۇ كالىلىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ، تەدبىر - چارىلەر ئۈستىدە ئىزدەنسەك، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى ياخشى ئۆگەنسەك، بىز دەسسەپ تۇرغان بۇ ئالتۇن تۇپراق تىللا قاچىلانغان ھەميانغا، ساياھەت نۇقتىلىرىمىز، قەدىمىي ئىزلىرىمىز، مەدەنىيەت - سەنئەت خەزىنىلىرىمىز، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز، كامالەتكە يەتكەن ھۈنەر - سەنئەتلىرىمىز تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخكە ئايلىنىشىدا گەپ يوق. بۇ بىزنىڭ تەدبىرىمىزگە باغلىق دېدىم، - ئۇلارغا ئۆز سەپەر ھاسىلاتلىرىمنى خۇلاسىلەپ.

2004 - يىل 18 - يانۋار، كۇچا

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

**ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.**

**—«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**



# غايىۋى تەربىيە ۋە پائالىيەت ـ ياش قەلبلەرنى يورۇتقۇچى قۇياشتۇر

مۇكەررەم مۇسا

«مىللەتنىڭ مۇقىم بايلىقى ـــ خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتى.»

ـــ چېرنىشۇسكىي

غايە ـ ئىنساندىكى، ئىنسانىيەت ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشەنگەن ئاڭنىڭ مۇقەددەس تۇغى؛

غايە ـ ئىنساننى ئىنسانىيەت بەخت ـ سائادىتى بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان پىداكار ئاڭ. قەيسەر روھ ۋە جەڭگىۋار پائالىيەت، غايىۋى قورۇلما، غايىۋى سۈپەت ـ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلى، بېغى ۋە گۈل ـ چېچىكى، ئۇرۇقدانىدىن ئىبارەت.

قالاقلىق ـ شەخسنىڭ چۈشكۈنلۈكى، مىللەتنىڭ زەئىپلىكى، ئاخىرقى ھېسابتا غايە كەملىكى، غايە نامراتلىقىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، غايە ئىنتايىن زور مەسىلىگە ـئىنسان، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرى ـ ئىستىقبالىغا، ھايات ـ ماماتىغا تۇتاشقان ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

غايە ـ شەخس، مىللەت، دۆلەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتى توغرىسىدىكى ئاڭلىق كىشىلىك قارىشىنىڭ پائالىيەت قىبلىنەماسى ۋە پائالىيەت پروگراممىسىدىن ئىبارەت.

ئىززەت ـ ھۆرمەت ـ ھەر بىر شەخسنىڭ، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ پۈتكۈل كىشىلىك دۇنياسىدىكى شۆھرەتلىك ئورنى. مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۇنى تەشكىل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىززەت ـ ھۆرمىتى دەرىجىسىگە باغلىق. شەخسنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۇنىڭ غايىۋى تەربىيىلىنىشىگە باغلىق. كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئېرىشكەن ئىززەت ـ ھۆرمىتى (ھەقىقىي ئىززەت ـ ھۆرمىتى) ئۆزىنىڭ توغما ئامىتى بولماستىن بەلكى مۇئەييەن يۈكسەك غايىنى نىشان قىلغان ھالدا ئېلىپ بارىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك غايىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. ئالىيجاناب ئىززەت ـ ھۆرمەت (قەدىر ـ قىممەت) ئۇلۇغۋار پائالىيەت نەتىجىسى بولغىنىدەك، ئۇلۇغۋار پائالىيەتمۇ يۈكسەك غايە يولىدىكى جاپالىق غايىۋى پائالىيەتنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئېيتىش كېرەككى، شەخسنىڭ، مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى توغما بولمىغىنىدەك، ئىززەت ـ ھۆرمەت شەخسنىڭ ئالىي نەسەبتىن كېلىپ چىققانلىقى، مىللەتنىڭ بىر زامانلاردا بولۇپ ئۆتكەن شۆھرەتلىك تارىخىغىمۇ باغلىق ئەمەس.

ئىززەت ـ ھۆرمەت مەيلى شەخس، مەيلى مىللەت ئۈچۈن بولسۇن تولىمۇ ئەمەلىي، رېئال، ھازىر مەۋجۇد بايلىقتىن ئىبارەت.

مەشھۇر ئىتالىيە سەنئەتكارى ئالبېرتى لېئون: «ئادەم قورۇق گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ، تەسىرلىك ۋەزىپىلەر ئۈستىدە ئىشلەش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن» دېگەنىدى.

بۇ، ئىنساننىڭ مېڭىسى، يۈرىكى ۋە بەدىنى، ھەممىدىن مۇھىمى ئىنسانىنى ئۇلۇغۋار، كامالەتكە يۈزلەنگەن پائالىيەتكە سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۇنى جىسمانىي جەھەتتە تەمىنلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، دېگەن سۆز.

روشەنكى، بۇ ئۇلۇغۋار، تەسىرلىك پائالىيەتلەر ـ ئۇلۇغۋار ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە كامالەت يارىتىدىغان ئۇلۇغ غايە ئىلھامىدىن مەيدانغا كېلىدۇ ۋە ئىزچىللىشىدۇ.

غايە ـ ياشاشنىڭ ئىجتىمائىي مەنىدىكى مەقسەتدارلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ «ھەر بىر كىشى ئۆز بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئىجادچىسى» (ئەنگلىيە يازغۇچىسى ستىل سۆزى)، ھەر بىر مىللەت ۋە خەلقمۇ ئۆز بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئىجادچىسى دېگەن پرىنسىپقا ئاساسلىنىدۇ. بۇنداق ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت ئىجاد قىلىشنىڭ چېرتيوژ ـ لايىھەسى دەل غايىدىن ئىبارەت.

* * *

«تەبىئەت ئىنسانىنى تۆت ئاياغلىق يۈرۈشتىن خالىي قىلغاندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا خاس بولغان غايىنى تەقدىم قىلغان.»

م. گوركىي

غايە ـ ئىنساننىڭ ھاياتى، پائالىيەت يولى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك بولغان مەنىۋى بايلىق ۋە مەنىۋى كۈچ. غايە تامام بولغان جايدا ئۈمىد، ئىستەك، پائالىيەت تامام بولىدۇ، ھاياتمۇ تامام بولىدۇ.

ئىنسان ئومۇمەن غايە، مەقسەت، ئەقىدە بىلەن ياشايدۇ. مەسىلە ئۇ كونكرېت مۇھىت ۋە كىشىگە قاراپ ياكى ئۈستۈن ياكى تۆۋەن، ئالىيلىق ياكى ئادەتتىكى، ئىلمىي ياكى خۇراپىي ھالەتتە بولۇشى مۇمكىن. غايىنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىدىكى ئەھمىيىتى، تەسىر ـ رولى كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ.

ئالدى بىلەن غايە ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ۋە روھىيەت چېرىغى، پائالىيەت قىبلىنامىسى، جاسارەت ئىلھامچىسى سۈپىتىدە كىشى تۇرمۇشىنى باشقۇرىدۇ. ئومۇمەن غايىسى تۆۋەن ـ ئادەتتىلەنگەن سۆز بىلەن ئېيتقاندا غايىسىز كىشى كالتە پەم، ۋىجدانسىز، چۈشكۈن، ئاجىز، زەئىپ بولىدۇ.

غايە ئىنسانىنى كامالەتكە، مۇكەممەللىككە ئىنتىلدۈرىدۇ. ئۇ ئىنسانىنى چىنلىق ـ ياخشىلىق ـ گۈزەللىككە، ئىنسانپەرۋەرلىككە يېتەكلەيدۇ.

غايە ـ بەخت يېتىشتۈرگۈچى باغۋەن. ھەركىمنىڭ بەختكە ئېرىشىش تېزلىكى ۋە ئېرىشكەن بەختىنىڭ خاراكتېرى ۋە دەرىجىسى ئۇنىڭ غايىسىنىڭ ساپاسى ۋە دەرىجىسىگە باغلانغان بولىدۇ.

غايە يۈكسەكلىك دەرىجىسىدە بىردەك ئەمەس. ئومۇمەن ئۇلۇغۋار غايىسىز ئۇلۇغ ئىشنى بىجا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسان ئۆز غايىسى ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدۇ، يەنى ھەركىمنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ غايىسىدە گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. غايىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ ئۆزگەرمەس ـ مۇتلەق نەرسە بولماستىن، ئۇلۇغۋار غايىلەر تەسىرىدە داۋاملىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئۇلۇغۋار غايىلەر شەخسنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت بەخت ـ سائادىتى ۋە كامالىتى ئۈچۈن پىداكارانە كۆرەش قىلىشنى ئۆزىگە غايە قىلىشىدۇر. بۇنداق ئۇلۇغ غايە ئۆزىنى كۆيلىماسلىق، پۈتكۈل نىيەت بىلەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆز ئالامىتى قىلغان.

غايە ـ ئىنسانىنى ئۆز غايىلىرىنى قوغداش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەقلىي ۋە ۋىجدانىي جەھەتتە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ كۈچلۈك پەرق ئېتىش، تاللاش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە رەت قىلىش قۇۋۋىتىگە ئىگە. ئۇ ئىنسانىنى مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە ئۆگىتىدۇ. ھەقىقىي يۈكسەك غايە مەنتىقىلىق، تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ مەقسەت بىلەن ۋاستىنى بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە قەتئىي يول قويمايدۇ.

* * *

غايە تەربىيە مەھسۇلى. بارلىق تەلىم ـ تەربىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەزىپىسى پۈتكۈل ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم ـ ماھارەتنى ئىشقا سېلىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىنى يارىتىشقا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

غايىۋى تەربىيە ئىنسانىنى ئىنسانىي ھايات، ئىنسانىي مۇناسىۋەت، ئىنسانىي روھقا ئېرىشتۈرۈشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى بولۇپ، ئادەم تەربىيىلەشنىڭ گۈلتاجىسىدىن ئىبارەت. غايىۋى تەربىيىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ غايىۋى پائالىيەتكە كىرىش ۋە نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس.

غايە ئىجتىمائىي ئاڭ سۈپىتىدە يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيە مەھسۇلىكى، ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە خام خىيال قىلىشقا بولغان قابىلىيەتنى غايە دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنداق خام خىياللار داۋاملىق ھايات قانۇنىيەتلىرى تەرىپىدىن زەربە يەپ، بەربات بولۇپ تۇرىدۇ. غايە ـ ئۇ تارىخنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە ئۇيغۇن زامانىۋى ئاڭدىن ھاسىل بولىدۇ ھەم ئىنسانلارنىڭ تارىخى، رېئال ۋە كەلگۈسى توغرىسىدىكى ھەقىقىي بىلىم ۋە قاراشلىرى ئاساسىدىلا شەكىللىنىشى مۇمكىن. بۇ غايىنىڭ شەخسنىڭ ئىشى بولماي، شەخسنىڭ جەمئىيەت بىلەن پائال مەنىۋى ئالاقىسىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەربىيە ۋاسىتىسى بىلەن تۇرغۇزۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

غايىۋى تەربىيە يوللىرى كۆپ خىل. ئۇ ئاساسەن ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسلىق تەربىيە تورى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئائىلە ـ غايىۋى تەربىيىنىڭ بىرىنچى ماكانى. ئائىلىدىكى باللار تەربىيىسى ئومۇمەن غايىۋى تەربىيىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىش توغرىسىدىكى تەۋسىيە ۋە غەمخورلۇق شەكىللىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئائىلىدىكى غايىۋى تەربىيە ئاغزاكى رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن بىللە مۇھىمى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەمەلىي ئۈلگە كۆرسىتىشى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئائىلىدىكى غايىۋى تەربىيە پەرزەنت ھاياتىنىڭ تاكى ئاتا ـ ئانا تەسىر كۆرسىتىش كۈچىنى يوقاتقىچە بولغان ھەر بىر دەۋردە داۋاملىشىپ بارىدۇ.

مەكتەپ ـ غايىۋى تەربىيىنىڭ خاس مۇئەسسەسەسى بولۇپ، ھەرقايسى مەدەنىيەت دەرسلىرى، كەسپىي دەرسلەر، ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق دەرسلىرى، شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە دۇچ كېلىدىغان دەرستىن سىرتقى ئىلمىي، مەدەنىي پائالىيەتلەر، لېكسىيە ئاڭلاشلار ئارقىلىق غايىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەكتەپتىكى غايىۋى تەربىيە سىستېمىلىق، تەشكىللىك، ئاڭلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، بىلىم ئىقتىدارى ـ ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلغاچقا، غايىۋى تەربىيىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

جەمئىيەت غايىۋى تەربىيىنىڭ بىپايان دىيارىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆز ئىچىگە مىللىي ئەنئەنە، دەۋر روھى، پۈتكۈل ئىجتىمائىي تەلىم ـ تەربىيە تۈرىنىڭ تەسىرى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تەسىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرى، ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ تەسىرى، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ تەسىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە ئۆز ـ ئۆزىدىن تەسىرلىنىش، ئۆز ـ ئۆزىدىن تەربىيىلىنىش ئامىللىرىنى ئالغان بولىدۇ. بىراق، بۇنىڭ ھەممىسى ئىجابىي بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئەمما ھەر بىر كىشى ئائىلە ۋە مەكتەپتە ئېرىشكەن، شۇنداقلا جەمئىيەتتە ئېرىشكەن ئىجابىي غايىۋى تەربىيىنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنى سىنايدۇ، چېنىقتۇرىدۇ. ھەتتا ناقابىلىسىزلىق بىلەن چۈشكۈنلىشىشى، جەمئىيەتنىڭ قايتا تەربىيىلىشى ئارقىلىق ئىجابىي يولغا قاراپ ئىنتىلىشى مۇمكىن.

جەمئىيەت غايىۋى تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ۋە نوپۇزلۇق بىر نۇقتىسى مىللەت، خەلق ۋە ئىنسانىيەت ئىچىدىكى مۇتەپەككۇر ـ دانىشمەنلەرنىڭ غايە توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى، زامانىۋى تەلىم ـ تەربىيىسى، ئۈلگىلىك پائالىيەتلىرىنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت. ئۇلار مىللەتنىڭ روھى، مەنىۋى ۋەكىلى ۋە مەشئەللىرىدىن ئىبارەت. ئۇنداق كىشىلىرى بولمىغان مىللەت ھەقىقەتەن غېرىب ۋە نادان مىللەت بولۇپ تۇرىدۇ.

* * *

«مەقسەتسىز پائالىيەت يوق،
پائالىيەتسىز ھايات يوق.»

—بېلىنسكىي

غايە پائالىيەت جەريانىدا گەۋدىلىنىدۇ. پائالىيەتسىز غايە غايە بولماستىن خام خىيالدىن ئىبارەت.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىنساننىڭ پائالىيىتى غايە روھىيىتى بىلەن سۇغۇرۇلمىغاندا خۇددى دەشتى ـ چۆلدەك قۇپقۇرۇق بولۇپ قالاتتى؛ شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ غايىسى ئەمەلىي پائالىيەت ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلمىگەندە خۇددى چېچەكلەپ مېۋە بەرمىگەن ھوسۇلسىز يەردەك يەنىلا قۇپقۇرۇق بولۇپ قالاتتى. غايە ئۈچۈن بىرىنچى زۆرۈرىيەت غايىۋى پائالىيەتتىن ئىبارەت.

غايىۋى پائالىيەت ئىنسان ئۈچۈن پىداكارانە ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي پائالىيەت بولۇپ، ئۇ قىزغىن روھ، غەيرەت ـ جاسارەت، ئىپتىخار ـ غۇرۇر ۋە بەخت تۇيغۇلىرى بىلەن تويۇنغان بولىدۇ. ئىنسان ئۆزى كۆزلىگەن غايىۋى نىشان يولىدا ھەر بىر مەنزىلنى باسقانسېرى ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىي پائالىيەتكە كۈچ بېرىۋاتقان غەيرەت ـ جاسارەت ئۆز غايىسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە مۇھەببەتنىڭ قايناق تۈرتكىسى بولۇپ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق قايناق ھېسسىيات غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان كىشى ئېڭىدا ئاقىلانە ھالال ۋىجدان تەنتەنىسى بولغان ئىپتىخار تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى غايە نىشانلىغان مەقسەتنىڭ ساپلىقى، ئۇلۇغۋارلىقى دەرىجىسى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

غايە ـ پائالىيەتكە ئىلھام بېرىدىغان ۋە پائالىيەت جەريانىدا گەۋدىلىنىدىغان يېتەكچى خاراكتېرلىك ئاڭ. غايىۋى پائالىيەت بولسا غايىنى قۇرۇق خام خىيال بولۇپ قېلىش خەترىدىن ساقلاپ، ئۇنى ھەقىقىي، شۆھرەتلىك رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش جەريانىدىكى ئەمەلىيەت.

غايىۋى پائالىيەتنىڭ كۈشەندىسى ئۇنىڭ ھەر خىل توسقۇنلارغا دۇچ كېلىشى، قىيىنچىلىقلار، ھەسەت ۋە پىتنە ـ ئىغۋا قاتارلىقلار ئەمەس. چۈنكى دېڭىز ئۈپقۇنلىرىسىز كېمە سەپىرىنى، تاغ ـ داۋانلارسىز كارۋان يۈرۈشلىرىنى، قۇربان بېرىشلەرسىز جەڭ مەيدانلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، ھەر خىل قىيىنچىلىق ـ توسقۇنلۇقلارسىز غايىۋى پائالىيەتنى قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. ھەسەت ۋە پىتنە ـ ئىغۋالار يېڭىلگەندىمۇ، غەلىبە قىلغاندىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

غايىۋى پائالىيەتنىڭ كۈشەندىسى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ غايىۋى پائالىيەت ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭ ئۆز غايىسىگە ساتقىنلىق قىلىشى، ئۆز ئىرادىسى، غەيرەت ـ جاسارىتى، ئۆز قىزغىنلىقى ئورنىغا لايغەزەللىك، بوشاڭلىقنى دەسستىپ پرىنسىپسىزلىق ۋە ئىرادىسىزلىك ئازگىلىغا دومىلاپ چۈشۈشتىن ئىبارەت.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئۆز غايىسى يولىدا ئەگەر ئۇ ئۇلۇغۋار غايە بولسا، ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىدىغان مەردلەر بولىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن مۇنداق مەردانە، ئۆز غايىسىگە بولغان ساداقەت، مۇھەببەت تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئۆلۈم ئىپتىخارلىق ۋە بەختلىك.

ئۆز غايىسى خەتەرگە يولۇققاندا ئادەتتىكى سىلىق ۋە ئېغىر ـ بېسىق كىشىلەرمۇ چېچىلىدۇ، ھەتتا ئادەتتىكى ئالدىراڭغۇ كىشىلەردىنمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا بۇ غايە ھاياتى غايىۋى ئەمەلىيەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قانچىلىغان ئىلغار كىشىلەرنىڭ گۈزەل، كامالەتلىك ئىجتىمائىي غايە ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشى، غايىۋى پائالىيەتنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكلى ئىكەنلىكىنى تارىخ داۋاملىق تەستىقلاپ كەلمەكتە.

* * *

غايە، غايىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى، غايىۋى تەربىيە، غايىۋى ئەمەلىيەت غايە تەربىيىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق نەزەرىيىۋى ھالقىلىرى تەرزىدە ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويۇلۇشى لازىم. بۇنداق تەربىيە ياش ئوقۇغۇچىلاردا، يېڭى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئەۋلادلاردا ئىلغار كىشىلىك قارىشى بەرپا قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئاساس ـ ئۇلى.

ياشلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ كىشىلىك قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرۈشتە غايە تەربىيىسى، مەزكۇر تەربىيىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى، ئۇنىڭ قىزغىن تەسىر كۆرسىتىشىگە موھتاج. ئۇلار تەبىئەت پەنلىرى ھەقىقەتلىرى، جەمئىيەت پەنلىرى ھەقىقەتلىرىگە موھتاج بولۇپ قالماستىن، يەنە ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش بىلىملىرى بىلەن ھايات ھەقىقەتلىرىنى بىلىۋېلىشقا تەشنا. ئۇلارغا توغرا، ساغلام، ئىلمىي، سىستېمىلىق غايە تەربىيىسىنى بېرىش ئەڭ زور ئىنژېنېرلىق ـ ياش ئەۋلادلار روھىي ھاياتىنىڭ ئىنژېنېرلىقى. بۇ ئىشقا ئائىلە، مەكتەپ، پۈتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى



# 70 يىللىق قەرزنى قايتۇرۇش يولىدا ئىزدىنىش

سەلەيجان ئابلىمىت

بۇنىڭدىن 70 يىل مۇقەددەم بوۋام تىجارەت بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە كەلگەندە، پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ، يېڭىشەھەردىكى بىر پۇلدار خەنزۇ تىجارەتچىدىن 60 دانە كۈمۈش تەڭگە ئۆتنە ئالغانىكەن. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بوۋام قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ خەنزۇ كىشىنى ئىزدەپ بارغىنىدا، بۇ ئادەمنىڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى سەۋەبىدىن يېقىندا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ئائىلە ـ جەمەتىنىڭمۇ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغانلىقىدىن ۋاقىپ بوپتۇ. ئايلار يىللارنى قوغلاپ، ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ بوۋام ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىش ئالدىدا دادامنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ ئاخىرىدا: «ئوغلۇم، داداڭنىڭ گەدىنىدىكى بۇ قەرز ئەمدى ساڭا مىراس بولۇپ قالدى. مەيلى نېمىلىكى بولمىسۇن سەن شۇ كىشىنىڭ ئەۋلادى ۋە ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقىنىنى ئىزدەپ تېپىپ قەرزنى قايتۇرغىن» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى 50 يىلغا يېقىن ۋاقىت مابەينىدە دادام گەرچە بوۋامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر تۈرلۈك سىياسىي كۈرەشلەر ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلگەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى سەۋەبىدىن ۋەسىيەتنى ئورۇنداشقا ئىمكانىيەت يارىتالماي ئۆتۈپتۇ. 1990 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن دادامنىڭ قەلبىدىكى بۇ ئوت قايتىدىن يالقۇنجاپ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا رەسمىي تۈردە كىرىشىپتۇ. ئارىدا ئۇ ئۈچ نۆۋەت قەشقەرگە بارغىنىدا نۇرغۇن كىشىدىن سۈرۈشتۈرۈپتۇ، قانچىلىغان ئادەمگە ھاۋالە قىپتۇ، لېكىن يەنىلا ئىزدىگەن كىشىلىرىنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ.

2002 ـ يىلى ئىيۇنىنىڭ بىر كۈنى دادام بىز ئۈچ ئوغۇلنى يېنىغا چاقىرتىپ، يۇقىرىقى ئىشلارنى بىزگە سۆزلەپ بېرىپ ئاخىرىدا: «باللىرىم، مېنىڭ يېشىممۇ 70 تىن ھالقىدى. لېكىن تا مۇشۇ كەمگىچە دادامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇندىيالماي ئىزتىراپتا ئۆتۈۋاتىمەن. شۇڭا ئامانەت جېنىمنىڭ تېنىمدا بارىدا قەشقەرگە يەنە بىر بېرىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بېقىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتىمەن. بوۋاڭلار ماڭا

www.uyghurkitap.com

قالدۇرغان بۇ ۋەسىيەتنى ئەمدىلىكتە سىلەرگە قالدۇرۇپ قويۇش خىيالىم يوق. شۇنداقتىمۇ سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي، بوۋاڭلار ئۆز ۋاقتىدا قەرز ئالغان كىشىنىڭ تولۇق ئىسىم ـ فامىلىسى ماڭا نامەلۇم، بىلىدىغىنىم پەقەت ئۆز دەۋرىدە كىشىلەر ئۇ ئادەمنى گو شاڭزۇڭ دەپ ئاتايدىكەنتۇق. ئالىمادىس، ئۆمرۈم يار بەرمىسە...» دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ئايلىق قەشقەر سەپىرى جەريانىدا دادام بۇ ئىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپتۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە يەرلىك، ياشانغان كىشىلەردىن كۆپ سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئاخىرىدا، بىر نەچچە ئەۋلاد شۇ يەردە ياشاپ كەلگەن بىر خەنزۇ بوۋاينىڭ ئاغزىدىن ئازراق يىپ ئۇچىغا ئېرىشىشكە مۇۋەپپەق بوپتۇ. بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، گوشاڭزۇڭ دېگەن بۇ كىشى ئۆز دەۋرىدە شۇ يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، «شاڭزۇڭ» دېگەن ئىبارە «سودىگەرلەر ئاقساقىلى» دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئەمما بوۋايمۇ ئۇ كىشىنىڭ نامىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئاڭلاپ باققان، لېكىن تولۇق ئىسىم ـ فامىلىسىنى بىلمەيدىكەن. بوۋاينىڭ بىلىشىچە، گوشاڭزۇڭ دېگەن بۇ ئادەمنىڭ گەرچە ئۆز پۇشتى ـ ئەۋلادى بولۇشى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بار بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ يۇرتتا ئۇزاق يىللار ياشاپ، يېقىندا ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بىر قىزى ھازىرمۇ قەشقەردىكى مەلۇم بىر بانكىدا خىزمەت قىلىدىكەن. دادام ئېرىشكەن ئۇچۇرغا ئاساسەن ئۇ قىزنى قەشقەردىن ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئۇيغۇر تىلىنى تولۇق بىلىدىغان بۇ قىز دادامنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ھالدا: «بۈگۈنى ئالغان قەرزدىن ئەتىسىلا تېنىۋالىدىغان ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ھازىرقى دەۋردىمۇ يەنە بۇنىڭدىن 70 ـ 80 يىل بۇرۇن ئالغان قەرزنى قايتۇرىمەن دەيدىغان كىشىلەر باركىنا، تۇۋا!...» دەپ بولۇپ ئاخىرىدا: «مەن سىز دېگەن ئۇ ئادەمنى بىلمەيدىكەنمەن، ئاتا ـ ئاناممۇ بۇ توغرىدا ماڭا بىر نېمە دەپ باقمىغان. بىز بەلكىم سىز ئىزدەۋاتقان ئۇ ئادەملەر بولماسلىقىمىز مۇمكىن. لېكىن مېنىڭ ئانا تەرەپ جەمەتىم بىر نەچچە ئەۋلاد مۇشۇ يۇرتتا ياشاپ ئۆتكەن خەقلەر. ئانامنىڭ فامىلىسى ‹خۇ›. سىز ئۈرۈمچىگە قايتىپ بارغاندا ئاتا ـ ئانامنى ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈشسىڭىز، ئېھتىمال شۇلارنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشىپ قالالىشىڭىز مۇمكىن» دەپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئادرېسى ۋە ئالاقىلىشىش تېلېفونىنى دادامغا يېزىپ بېرىپتۇ.

دادام قەشقەر سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپلا مېنى يۇقىرىقى تەپسىلاتلاردىن ۋاقىپلاندۇردى ھەمدە تېلېفون نومۇرى ۋە ئادرېس يېزىلغان قەغەزنى قولۇمغا بېرىپ، ئاشۇ كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ بېقىشىمنى تاپشۇردى. تېلېفونۇمنى ئالغان خۇ فامىلىلىك ئايال چۈشەندۈرۈشلىرىمنىڭ ئايىغى چىقماي تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن قىزى ئارقىلىق ۋاقىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىمىزنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دادامغا ھەمراھ بولۇپ ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىشىمىز بىلەنلا كۆز ئالدىمىزدا يېشى 60 لارنىڭ قارىسىنى ئالغان تېتىك، پاكىز چىراي بىر ئايال ئالدىمىزغا چىقتى. «كېلىشسىلە، كېلىشسىلە، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلىشسىلا...» تولۇق قەشقەر تەلەپپۇزىدا سۆزلەۋاتقان بۇ خەنزۇ ئايالنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى بىزگە روھىي جەھەتتىن يەڭگىللىك ئاتا قىلدى. كېلىش مۇددىئايىمىزنى بىر قۇر بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خۇ فامىلىلىك ئايال سۆزگە كىرىشتى:

— سىز ئىزدىگەن گو شاڭزۇڭ دېگەن كىشى مېنىڭ چوڭ دادام بولىدۇ. بىزنىڭ فامىلىمىز خۇ، لېكىن شۇ دەۋرلەردە چوڭ دادامنى يېڭىشەھەردىكى خەنزۇلار «خۇ شاڭزۇڭ» دەپ ئاتىسا، ئۇيغۇرلار «گو شاڭزۇڭ» دەپ ئاتىشىدىكەنتۇق. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى پۇلدار، بەك باياشات ئۆتكەن كىشىلەركەن. مەن ئېسىمنى بىلگەندەك بولغان ۋاقىتلاردىمۇ جەمەتىمىزنىڭ نەچچە ـ نەچچىلىگەن يەردە دۇكان ـ سارايلىرىمىز، بەك ھەشەمەتلىك قورۇ ـ جاي، باغۋارانلىرىمىز باركەنتۇق. كېيىنكى كۈنلەرگە بارغاندا بىز بۇ بايلىقلارنىڭ دەردىنى تولا بەك تارتتۇق. بارى ـ يوقىمىز مۇسادىرە قىلىنغانىنىڭ سىرتىدا، پۈتكۈل جەمەتىمىزمۇ ئۈزۈلمەس سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىدۇق. كېيىن سىياسىي شاماللار توختاپ جاھان ئوڭشالدى، بىزمۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلدۇق. ئەمما باشقىلارغا ئوخشاش ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەن مال ـ دۇنيا، زېمىن ـ جايلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىشقا كۈچىمىدۇق. چۈنكى بىز شۇ بايلىقلارنىڭ دەردىنى تولا تارتىپ قورقۇپ كەتكەنىدۇق. ئاتا ـ ئانامدىن ئاڭلىشىمچە، چوڭ دادام رەھمەتلىك ئۆز ۋاقتىدا بەك ساخاۋەتچى، قولى ئوچۇق ئادەمكەنمىش؛ دائىم دېگۈدەك غېرىب ـ مىسكىنلەرنى يوقلاپ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ تۇرىدىكەنمىش. شۇڭلاشقىمۇ ئەل ـ جامائەت ئىچىدە يۈز ـ ئابرۇيى تېپىپ ئۆتۈپتىكەن. لېكىن كېيىنكى كۈنلەرگە بارغاندا، بولۇپمۇ

ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ۋاقىتلىرىدا بىز جەمەتىمىزنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشكەن ئادەملەردىن كۆپ ئازار يېدۇق؛ ئاش بەرگەنگە تولا مۇش يەپ كۆنۈپمۇ قالدۇق. ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سىز دادىڭىز بۇنىڭدىن 70 يىل بۇرۇن ئالغان قەرزنى قايتۇرىمەن دەپ بىزنى كۆپ ئىزدەپسىز. مەن بۇنىڭدىن راستىنلا بەك تەسىرلىنىۋاتىمەن.

ئايال سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يىغلاپ تاشلىدى. بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

—بەلكىم سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ مېنىڭ گەپلىرىمگە تولۇق ئىشىنىپ كېتەلمەيۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. يېڭىشەھەردە ئولتۇرۇشلۇق جۇمەخۇن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر بوۋاي بار. ئۇلار بىزنىڭ ئائىلىمىزدە نەچچە ئەۋلاد خىزمەتكار بولۇپ ئۆتكەن كىشىلەر. مەن ئېسىمنى بىلگەن چاغلاردىمۇ جۇمەخۇن بىزنىڭ ئائىلىدە ھارۋىكەشلىك قىلىدىكەنتۇق. ناۋادا سىز ئاشۇ بوۋاينى ئىزدەپ كۆرۈشەلىگەن بولسىڭىز بىزنىڭ خەۋىرىمىزنى بالدۇرراق ئالالىغان بولاتتىڭىز.

دادام بۇ ئايالنىڭ سۆزلىرىگە تولۇق ئىشەندى. چۈنكى داداممۇ يېڭىشەھەردە كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا جۇمەخۇن ئىسىملىك بۇ بوۋاي توغرىلىق ئاڭلىغان، ئەمما ئۇ بوۋاينىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىغانىكەن. دادام يېنىدىن قولياغلىقىغا مەھكەم ئورالغان 2500 يۈەن پۇلنى چىقىرىپ خۇ ئانىنىڭ ئالدىغا قويدى: «مەن بۇ پۇلنى مۇشۇنداق قولياغلىققا ئايرىم تۈگۈپ ساقلاۋاتقىنىمغا بىر قانچە يىل بولدى. خۇداغا شۈكرى، ئەمدى بۇ پۇل ئىگىسىگە ياندىغان بولدى. زەرگەرلەردىن سۈرۈشتۈرۈشىمچە، ئۆز دەۋرىدىكى بىر سەر كۈمۈش تەڭگىنى ھازىرنىڭ پۇلىغا سۇندۇرغاندا 40 يۈەن قىممىتىدە بولىدىكەن. شۇڭا بۇ پۇلنى ئەكەلدىم، مۇشۇنىڭغا رازىلىق بەرگەن بولسىلا...»

—ياق، ياق، مەن بۇ پۇلنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايمەن ـ دېدى خۇئانا پۇلنى ئالدىمىزغا ئىتتىرىپ، ـ چۈنكى بىرىنچىدىن، بىز بۇ پۇل توغرىلىق ھېچنېمە بىلمەيمىز، پەقەت سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىنلا ئاڭلاۋاتىمىز؛ ئىككىنچىدىن، مەن ۋە مېنىڭ قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ ھال ـ كۈنى ناھايىتى ياخشى، دېمەك بىزنىڭ بۇ پۇلغا ئېھتىياجىمىز چۈشمەيدۇ. بىزنى ئىزدەپ كەلگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت. بىز خۇ جەمەتىدىكى ھايات كىشىلەر، ھەم شۇنداقلا ئۆلۈپ تۈگىگەن ئاتا ـ بوۋىلىرىممۇ مېنىڭ پىكرىمگە چوقۇم رازىلىق بېرىدۇ. ھېس قىلىشىمچە، سىزنىڭمۇ ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىز يامان ئەمەسكەن. ناۋادا بۇ پۇلنى ئۆزىڭىز خىراجەت قىلىشقا ئۇنىمىسىڭىز، ئۇنداقتا ئۆزىڭىز بىلگەن غېرىب ـ غورۋا، يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە ئورنىدا بېرىۋېتىڭ. مەن ۋە مېنىڭ ئاتا ـ بوۋا ئەجدادىم ھەم شۇنداقلا ئۇرۇق ـ ئەۋلادىم سىزدىن يۈز مىڭ مەرتىۋە رازى...

جىق سالا ـ سۇلە، تالاش ـ تارتىشلار نەتىجە بەرمىگەندىن كېيىن، دادام ئۇلارغا بۇ پۇلنىڭ بىر موچىنىنىمۇ ئۆزىگە خىراجەت قىلمايدىغانلىقىنى، شۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە سەدىقە ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ پۇلنى يانچۇقىغا سالدى.

ئارىدىن ھەپتە كۈن ئۆتكەندە، خۇ ئانا ئۈرۈمچىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر قانچە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئېلىپ، بىر مۇنچە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن دادامنى يوقلاپ بېرىپتۇ. ھەمدە يېقىندا قەشقەرگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى، يۇرتقا بارغاندا ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ روھلىرىنى بۇ ئىشتىن ۋاقىپلاندۇرىدىغانلىقىنى، يۇرتتىن قايتىپ كەلگەندە دادامنى يەنە يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆيىمىزدە كەچلەپ قايتىپتۇ.

رەسسام: مۇھەممەت سۇلتان

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پىلان كومىتېتىنىڭ خىزمەتچىسى

ژۇرنىلىمىزدا بېسىلغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!

—«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# تەدبىرلىك بوۋاي

(ھېكايە)

پەرھاد ياسىن

كوچىدا ماشىنا ھادىسىسى يۈز بەردى. بىر مۇنچە ئادەم نەق مەيدانغا يىغىلىپ قىيا ـ چىيا قىلىشۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، ياشلارمۇ، ياشانغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار قىستىلىشىپ كىلىپ يەردە ھوشسىز ياتقان ئون ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق بالىغا قارىشاتتى ـ دە: «ھەي بىچارە، نىمىشكىمۇ قاراپ ماڭمىغان بولغىيدى؟» دەپ قويۇپلا كەينىگە داجىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەر كىشىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇشنى خالىمايتتى.

شۇ ئەسنادا كۆزەينەك تاقىغان بىر بوۋاي ئادەملەر توپىنى قىستاپ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، قانغا مىلەنگەن قوللىرىنى كىرىپ ئوگدىسىغا ياتقان بالىنىڭ چىرايىغا سىنجىلاپ بىر قارىۋېتىپ، بىردىن ۋەھىمىلىك توۋلىۋەتتى:

ـــ ۋوي، بۇ بىزنىڭ سەمەت ھاكىمنىڭ نەۋرىسىكەنغۇ! بۇ كىلىشمەسلىكنى قاراڭلار ئەمدى...

بوۋاينىڭ گىپى تۈگەر ـ تۈگمەيلا ئادەملەر توپى تەۋرەپ كەتتى. كىشىلەر بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ بالىغا تاشلىناتتى. ھەش ـ پەش دىگۈچە بالىنى يەردىن ئېلىپ، قانلىرىنى تازىلاپ، يارىلىرىنى تېڭىشتى. كىملەردۇر ئادەملەر توپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىلىشىپ، قوللىرىنى ۋەھىمىلىك سىلكىشلىگىنىچە كىلىۋاتقان ماشىنىلارنى توسۇشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بالىنى چەكسىز ھۆرمەت ۋە كۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئىچىدە دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى. ئىش ئاخىرلىشىپ، كىشىلەرنىڭ كەيپى جايىغا چۈشۈشكە باشلىغاندا، بالىغا تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلىدە بولغان سالاپەتلىك بىر ئادەم بوۋايدىن سورىدى:

ـــ بوۋا، سىز سەمەت ھاكىمنى تونۇيدىكەنسىز ـ دە؟ بۇرۇن بىرگە ئىشلىگەنمۇ ياكى باشقا مۇناسىۋىتىڭىزمۇ بارمۇ؟

بوۋاي ئۆزىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغان بۇ بەستىلىك كىشىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ پەرۋاسىزلىق بىلەن دىدى:

ـــ نەدىكىنى؟ مەن ئۇ كىشىنى كۆرۈپ باققىنىممۇ يوق. راستىمنى ئېيتسام، مەن سىلەرگە يالغان ئېيتتىم. كۆردىڭىزكى، بالىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلماي بولمايتتى.

ئەتراپقا توپلانغان كىشىلەر بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي، بىر ـ بىرىگە ئەلەملىك قاراپ قېلىشتى...

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى



# كەچۈر، مېنى ئاپئاق پەرىشتەم

(نەسىر)

**ئابدۇۋاھىد سېيىت**

پۈتكۈل كائىنات تەبىئەتنىڭ چەكسىز قارا لىباسى ئىچىدە بوۋاقتەك تاتلىق مۈگدەيدۇ. يىراق، خىلۋەت ئورماندىكى يىگانە كاككۇكنىڭ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ سايرىغان مۇڭلۇق ئاۋازى ئۇيقۇدىكى زېمىننىڭ شېرىن چۈشىنى بۇزالمىغان.

قىزارغان كۆزلىرىم ئالدىمدىكى تەبىئەتتەك كەڭ يېيىلغان كىتابنىڭ نۇر تالالىرىدەك قۇرلىرى ئۈستىدە قۇشتەك ئەركىن پەرۋاز قىلماقتا.

ئەي ئاپئاق پەرىشتەم!

تۈيۈپ تۇرۇۋاتىمەن، سەن مېنى ساقلاۋاتىسەن. مامۇقتەك يۇمشاق، بۇلۇتتەك ئاپئاق ياستۇقۇڭ ئۈستىدە يېيىلىپ ياتقان قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرىڭنى سەلكىن شامالدەك يەڭگىل پەپىلىشىمنى، ئايدەك يۈزىڭنى، ئاق بېلىقتەك تولغان ئاپئاق تېنىڭنى، كەتمەن چېپىپ قاداقلاشقان يىرىك ئالقانلىرىم بىلەن ئاستا ـ ئاستا، سىلىق سىلاشلىرىمنى.

خۇشبۇي ھىدلىرىڭنى مەستانىلەرچە تۇيماي ھىدلىشىمنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ ساقلاۋاتىسەن. ئەي پەرىشتەم، چۈشەنگىن مېنى. زۇلەيخا يۇسۇپنى، شېرىن پەرھادنى چۈشەنگەندەك.

بىلەمسەن؟ شۇ دەقىقىلەردە سېھىرلەنگەن ۋۇجۇدۇم سىماب كەبى تىترەۋاتىدۇ. ئەقىل دۇردانىلىرىم ھېكمەت ئوچاقلىرىدا ئالتۇندەك تاۋلانماقتا. تەپەككۇر قولۋىقىم مەنالار دېڭىزىدا دولقۇنلار ئەۋجىگە قاراپ ئۈزمەكتە.

ئەي پەرىشتەم، بىلەمسەن؟ مەن ئاشۇ كىتاب بولغاچقىلا تۆت پۈتلۈق، ئىككى پۈتلۈق ھايۋاناتلار تۈركۈمىدىن ئادەملەر دۇنياسىغا ئايرىلىپ چىققانمەن. مەن كىتاب ئارقىلىقلا تۈنۈگۈنۈمنى پۇشايمانسىز ئۇزاتقان، بۈگۈنۈمنى ياراتقان، ئەتەمنى مەغرۇر كۈتۈۋالغانمەن. بوۋامنى، دادامنى شۇنداقلا ئۆزۈمنى كىتاب ئىچىدىن بىلگەنمەن. ئۆزۈمنىڭ يەر شارىدىكى ئورنۇمنى پەقەت كىتابتىنلا تاپقانمەن. ئەي پەرىشتەم، كىم ئۇ «دېھقان كىتاب ئوقۇمايدۇ» دەپ جۆيلىگەن؟!

تەكلىماكاننىڭ قۇملىرى ئاستىغا دەستە ـ دەستە كىتابلارنى قۇچاقلاپ بىللە كۆمۈلگەنلەر دېھقان بوۋىلىرىم ئەمەسمىدى؟ كىملەر ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»نى خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەمدە ئاجايىپ ماھارەت بىلەن كۆچۈرۈپ ئەسىرلەر داۋامىدا ساقلاپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەنلەر؟ نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ «خەمسە»لىرىنى، بارەھىم مەشرەپنىڭ ئوتلۇق غەزەللىرىنى، ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ «ئات ھەققىدە قىسسە»دەك ئۆلمەس ساتىرالىرىنى جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقىچە ئوقۇپ چىققانلار ئاشۇ دېھقان دادىلىرىمىز بولماي كىملەر ئىدى؟

ئەي ئاپئاق پەرىشتەم كەچۈر مېنى. سەن مېنى قانداق سۆيسەڭ، مەنمۇ سېنى شۇنداق يۈرىكىمدىن سۆيىمەن. بىراق... بىراق، ئاھ، ئاپئاق پەرىشتەم، كىتابسىز ياشىيالمايمەن. كىتابسىز ئۆتكەن بىر كۈنۈم ھاياتىمنىڭ مەنىسىز ئۆتكەن زۇلمەتلىك بىر كۈنى بولۇپ، ھايات قامۇسىمنىڭ بىر ۋارىقىنى ئاق قالدۇرىدۇ. مەن ھاياتىمنى كىتابسىز تەسەۋۋۇر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن.

راست، ئالدىڭدا خىجىلمەن. يازنىڭ تىنجىق ۋە قىسقا، قىشنىڭ سوغۇق ھەم ئۇزۇن كېچىلىرىدە سەن بىلەن شېرىن سۆھبەتلەرنى قۇرالمىدىم. پەرزەنتلىرىمىز ھەققىدە، كەلگۈسىمىز توغرىسىدا، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز خۇسۇسىدا سەن بىلەن قېنىپ بىرەر قېتىم مۇڭدىشالمىدىم. نامراتلىقىم تۈپەيلى ساڭا ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ئېلىپ بېرەلمىدىم، ئېسىل كىيىملەر بىلەن ياساندۇرالمىدىم. يۈزىڭگە، لېۋىڭگە ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرى بىلەن بىرەر قېتىم بولسىمۇ گىرىم قىلىش تېخى ساڭا نېسىپ بولمىدى. كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن مۇشۇ ئىسسىق تۇپراقنىڭ ئانىنىڭ چاچلىرىدەك ئاق تۇزانلىرى سېنىڭ تەبىئىي ئۇپا ـ ئەڭلىكىڭ بولۇپ كەلدى. ئاھ، پەرىشتەم، مەن سېنى جاپادا قويدۇم. ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرىدا ساڭا ھەمدەم بولالمىدىم.

بىلەمسەن، ئاھ، پەرىشتەم! مىڭ شۈكرىلەركى مەن ھېسابسىز روھى ئوزۇق بايىمەن.

بىر چامادانغا ئاقچا، بىر چامادانغا تەرەت چالمىسى قاچىلاپ ئۆتۈشنىسىگە ئارتىۋالغان ئىشەكتەك روھى ئۆلگەن مىليونېرلارنى قىلچە مەنستىمەيمەن. گەرچە ئۇلار ئىككى پۇتلاپ مېڭىپ يۈرسىمۇ مېنىڭ تىرىكلەر تىزىملىكىمدە ئۇلارنىڭ ئىسمى يوق! ئەي پەرىشتەم، ئۇلار ئۆز جۈپتىلىرىگە بېرەلمىگەن، مەڭگۈ بېرەلمەيدىغان پاك ـ سەممىي مۇھەببەتنى مەن ساڭا شەرتسىز تەقدىم قىلالايمەن. شۇ قاتاردا بارچە ھاياتلىققا ئوتلۇق سۆيگۈمنى مىننەتسىز ھالدا ئاتا قىلالايمەن. چامادان ـ چامادانلاردا دەستە ـ دەستە ئاقچىلىرىم بولمىسىمۇ ساندۇق ـ ساندۇقتا دۆۋە ـ دۆۋە يىغقان كىتابلىرىم بار. ئۇلارنىڭ باھاسىنى ئالتۇن بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ مېنىڭ بايلىقىم. ئۇنى مەن پەرزەنتلىرىمىزگە مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن.

چۈنكى ئەۋلادىم مەندىن دەۋرلەرنىڭ ئالمىششى بىلەن كېرەكسىز مېتال دۆۋىسى، تاشلاندۇق قەغەز پارچىلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان دەپئىي ـ دۇنيانى ئەمەس، بەلكى ئەسىرلەر ئۆتكەنسېرى قىممىتى ئېشىپ بارىدىغان، مەڭگۈ يوقالمايدىغان مەنىۋى بايلىق ـ كىتابنى مىراس قىلىپ قالدۇرۇشۇمنى كۈتىدۇ، ئەي ئاپئاق پەرىشتەم!

2004 ـ يىل 28 ـ ئىيول، يېڭىسار ـ توپلۇق

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا كەلپىچۈن كەنتىدە، دېھقان

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىششقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ؛ كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللار، مەزكۇر كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ـــ«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئەدەبىياتىمىزنىڭ قويىنى ئىللىقراق بولسا

خەلچەم رىشىت

مۇشۇ يىللاردا كىشىلەرنىڭ مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر توغرىسىدا قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرىنى كۆپ ئاڭلىدىم. بۇ خىلدىكى گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك «زوردۇن سابىر چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىدىن قېلىشمايدىكەن. زوردۇن سابىر ھايات چېغىدا ئەجەب بۇنى ھېس قىلماپتىكەنمىز» دەيدىغان ئۆكۈنۈش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ھەم ئۇنىڭغا «بىز قاچانغىچە ئۆزىمىزنىڭ لاچىنلىرىنى خەقنىڭ سارلىرىغا تەڭ قىلماي يۈرىمىز؟!» دەيدىغان نارازىلىق، شۇنداقلا ئاچچىق تەئەددى يوشۇرۇنغانىدى. بۇ گەپلەر مېنى ئويلاندۇردى. ئويلىغانچە نۇرغۇن ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ كۆڭلۈم ھەققەتەن بەك يېرىم بولدى.

يازغۇچى ـــ شائىرلار ئاجايىپ بىر خەق. جەمئىيەتتىكى قانداقتۇ بىر ئىش ئۇلارنى قولىغا ئېلىشقا دەۋەت قىلغان ھامان ئۇلار خۇددى بۇيرۇق قوبۇل قىلغان ئەسكەرلەرگە ئوخشاش ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار قەلەم ھەققىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، ھەتتا قەلەم ھەققى بېرىش ـ بەرمەسلىكى بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. زامانىنىڭ ئوڭ ـ تەتۈرلىكى ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرالمايدۇ. يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئۆيى، ھەتتا خەت يازغۇدەك شىرەسىنىڭمۇ يوق بولۇشى، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى قەلەم ھەققى يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىگە سوغۇق سۇ سېپەلمەيدۇ.

يېزىقچىلىق خۇددى ئايلاپ ـ يىللاپ دەستگاھ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ گىلەم توقۇغاندەك مۇشەققەتلىك ئىش. خالىۋاپ ئىسخىما، نۇسخىغا قاراپ گىلەم توقۇسا، يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنىڭ نۇسخىسىنى تەپەككۇرىدا ئۆزى لايىھىلەپ، رەڭ نىسبەتلىرىنى يۈرەك قېنى بىلەن ئۆزى تەڭشەيدۇ. باشقىلار ئىسسىق يوتقانلىرىدا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان چاغدا يازغۇچى ـ شائىرلار يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينەكلىرىنى تاقىشىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرغان پېتى ئۇزاق كېچىلەرنى تاڭغا ئۇلايدۇ. باشقىلار تۈرلۈك ـ تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ھاياتنىڭ قەنتىنى چېقىۋاتقان چاغلاردا ئۇلار بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ تەسەۋۋۇر

قىلغۇسىز جاپالىق، سىرلىق سوقماقلىرىدا تىنەپ ـ تەمتەرەپ يۈرۈپ قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرىنى ۋاقىتسىز ئاقارتىدۇ.

يازغۇچى ـ شائىرلار دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىجادىيەتنىڭ تەلىپىدىن چىقىش ئۈچۈن توختاۋسىز ئۆگىنىشى، ھەر دائىم كىتاب ئوقۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى كىتابلار بىلەن سىردىشىش ئىچىدە ئۆتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى رەڭگارەڭ مۇناسىۋەت سورۇنلىرىدىن، مەنسەپدارلارنىڭ ئەتراپىدىن ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلار ھەر ۋاقىت جەمئىيەتنىڭ يۈرەك رىتىمىغا قۇلاق سېلىپ، تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېچبىر ئايىماستىن بەدەل قىلىدۇ. تۇرمۇشقا سادىق بولۇشتەك ۋىجدانىي بۇرچ ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدە سەممىيلىك، راستچىللىقتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەتنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزىدۇ. ئۇلار ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ تاكامۇللىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىۋاتقاندا، ئېگىلىق ياكى ئاگسىز يوسۇندا ئۆزىنىڭ روھىيىتىنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىدۇ. ئۇلار ئادالەت، ھەققانىيەتنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. شۇڭا ناھەقچىلىكلەرگە ھېچقاچان سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن تۈيغۇن، تولىمۇ مېھرىلىك. ئۇلارنىڭ قەلبى خۇددى سەبىي باللارنىڭكىدەك بىغۇبار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي پايدا ـ زىيىنىنى ئاز ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى مىللەتنىڭ بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى تەقدىرى، مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتى ئۆزىگە تارتىپ غىدىقلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار باشقىلار كۆرەلمىگەننى كۆرۈپ، باشقىلار سېزەلمىگەننى سېزەلەيدۇ. باشقىلار دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان گەپلەرنى دېيەلەيدۇ. گەنلىكى سەۋەبلىك ئاسانلا باشقىلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ھىيلە ـ مىكىرگە باي، ھەسەتخور ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، سۈيىقەست، ھىلە ـ مىكىرلەردىن خالىيلىقى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتشۇناسلىقتىكى ناقابىللىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا زەربە بېرىپ، چەتكە قاقىدۇ. تۆھمەت چاپلاپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، ئىززەت ـ ئابرۇيىغا تېگىدۇ. ھەتتا جىسمانىي، سىياسىي جەھەتلەردىن قەستلەيدۇ. تارىخقا نەزەر سالساق، خەلقىمىزنىڭ ئابدۇقادىردا موللا، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش يۈرىكى ھەر ۋاقىت «ۋەتەن ـ مىللەت» دەپ سوققان بۇ مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرى ھەسەتخورلارنىڭ سۈيىقەستى، چېقىمچىلىقى تۈپەيلى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان. ناۋادا بىرى ئالدىغا ئۆزۈپ چىقسا، ئۇنى سېستىش، زەربە بېرىپ باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋېتىش، ھەتتا نابۇت قىلىۋېتىش ھېسابىغا كۆڭلى تەسەللىي تېپىپ مۇرادىغا يېتىش ـ ئارىمىزدىكى ھەسەتخور، ئىقتىدارسىز، ئەمما ھىلە ـ مىكىرگە باي ئادەملەرنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، جان بىلەن تەڭ چىقىدىغان خۇيى. مىللەت ئەزالىرى ئىچىدىن سۈيىقەستچى، ھەسەتخورلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان نادانلارنى، ئۆزىدىن سەل ئېشىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بەختسىزلىكلىرىدىن تاماشا كۆرۈپ قىن ـ قىنىغا پېتىشماي كېتىۋاتقان قارانىيەت نائەھلىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى كۆپتۈرۈش، جامائەتچىلىكنى بۇ خىل ئاجىزلىقلاردىن خەۋەردار قىلىش بەدىلىگە ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان رەزىل كۆيدۈرگىلەرنى تېپىش تەس ئەمەس. تارىخنى قويۇپ، يېقىنقى بەش ـ ئون يىلغا نەزەر سالساقلا، تۇرلۇك كۈلكىلىك، بىمەنە ۋە رەزىل مىساللارنى ساناپ چىقىش مۇمكىن.

ئېگىلىشىمچە، مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ ئاخىرقى ئون نەچچە يىللىق ھاياتى چەتكە قېقىلىش ۋە ئېغىر روھىي سىقىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن. ناۋادا يازغۇچىمىز ناھەق مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىمىغان، ئۇنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىلمىگەن بولسا، تۆھمەت ۋە چەتكە قېقىشلار ئۆمرىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنى بىرقانچە ئون يىل قىسقارتىپ، ئەجەل ئىلاھىنى شۇنچە بالدۇر چىللاپ كەلمىگەن بولاتتى. ئۇ چاغدا يازغۇچىمىز يۈرەك قانلىرىدىن پۈتكەن تېخىمۇ كۆپ توم ـ توم ئەسەرلىرى بىلەن مىللىتىمىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرمەسمىدى؟ زوردۇن سابىر بۈگۈنگىچە بىز بىلەن بىللە ياشاپ، «ئانا يۇرت» ترىلوگىيىسى ھەققىدىكى ھەققانىي باھالارنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان، بۇ گىگانت ئەسىرىنىڭ «يېڭى ئەسىر گۈلزار مۇكاپاتى»غا نائىل بولغان تەنتەنىلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈش نېسىپ بولغان بولسا، قانچىلىق خاسىيەتلىك ئىش بولغان بولاتتى. يازغۇچىمىز ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئەمدىلىكتە ئەپسۇسلانغانىنىڭ زادى نېمە پايدىسى؟!

بىر مىللەتنىڭ يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلىرى ئۆزى تەۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەركەردىلىرى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئاشۇ مىللەتنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى. بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىگ» قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىپلا قالماستىن، بۈگۈنكىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا تونۇتۇشقا ئالدىرايمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، جاھانغا تونۇتىدىغان كىشىلەر دەل بۈگۈنكى كۈندە مارىدىم ـ تالدىم دېمەي ئۆگىنىۋاتقان، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىۋاتقان، توختىماي يېزىۋاتقان، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بارلىقىنى بېغىشلىغان كىشىلەردۇر. ناۋادا بىز ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەنلەرنى پۇتلاپ يىقىتىۋېتىش بەدىلىگە خۇشاللىق تېپىپ يۈرۈۋەرسەك، ئۇ ھالدا ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىن، كەلگۈسىدە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈدەك بىرەر يازغۇچىمىزنىڭ چىقىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟

مەن يېزىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

بىزنىڭ يېزىدىكى نۇرغۇن ئاۋام پۇقرا يەنى دېھقانلار، سودىگەرلەر، موزدوزلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق يازغۇچىلىرىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ. ئاشۇ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ئىستېتىك تەسىراتلىرىغا ئاساسەن ئاپتور ۋە ئەسەرلەرگە لىللا باھا بېرىدۇ. لېكىن ئۈرۈمچىگە كەلسەك ئەھۋال باشقىچە. ھەممىلا جايدا ئاڭلىغىلى بولىدىغان پالانى يازغۇچى، شائىر ئۇنداق، پوكۇنى ئوبزورچى مۇنداق دېگەندەك سۆزلەر ئادەمنى بەك بىئارام قىلىدۇ. بۈگۈنى بىرەرسى شۆھرەت قازىنىپ نام چىقارسا، ئەتىسىلا ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، تىللايدىغانلار چىقىدۇ. دۇنيادا نۇقسانسىز ئىنسان بولمايدۇ. ھېكمەتلەردە ئېيتىلغاندەك «خۇدالا نۇقسانسىز» دۇر. يازغۇچى، شائىرلارمۇ ئادەم. ئۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭمۇ نۇقسانسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقى، بىر - بىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغانلىقى كىشىنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلىدۇ. بىز يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ تۆھپىلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپلا قالماي، يازغۇچى - شائىرلىرىمىزمۇ ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆگىنىۋالسا، ئۇ ھالدا ھەممەيلەن ئۆز نۇقسانلىرىنى تۈزىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا ھەممەيلەن ئادەم بولۇش يولىدا چوڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن بولىمىز.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئاسان يول يوق. ئىنسىنىڭ قورسىقىدىن يازغۇچى بولۇپ تۇغۇلۇش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىي ئىجادىيەت مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئېيتقاندەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن ئۇزاق مەزگىل باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىزدىنىش، مول بىلىم ۋە تۇرمۇش بىلىمى، ھېسسىيات، ماھارەت جۇغلانمىسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇرۇقتىن قۇرۇق ماختىنىش ياكى ئىنكارچىلىق بىلەن ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

بىرەر نەتىجە يارىتىپ تونۇلغان كىشىلەرنى ئەرزىمەس باھانە - سەۋەبلەر بىلەن سېستىش، چەتكە قېقىشتەك غەيرىي نورمال ھادىسە بىزدە يالغۇز ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى جەمئىيەتتىكى باشقا ساھەلەردىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى: تالانتلىق كىشىلىرى، ئالدىغا ئوزۇپ چىققان كىشىلىرى خارلىنىدىغان مىللەت - مەڭگۈ خارلىقتا مەھكۇم مىللەتتۇر. شۇڭا بىز مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك ئەۋلادلار ئالدىدا جىنايەتكار بولۇپ قالىمىز.

نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىقتا ياخشى كىشىلەرلا ئەمەس، ئالدامچى - ساختىپەزلەرمۇ، چىرىك - پارىخورلارمۇ، خۇشامەتچى - سىياسىي پاھىشىلەرمۇ خىرامان ياشاۋاتىدۇ. يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنى، تالانتلىق كىشىلىرىمىزنى ھايات ۋاقتىدا قەدىرلەيلى. ئۇلارغا ئىللىق مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، ئەل سۆيىدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغىلى قويايلى.

---

ئاپتور: توقسۇن ناھىيە شاھ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

پوچتىخانىلار پۇل پېرېۋوت قىلغاندا خەنزۇ يېزىقىدا بېجىرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتورلارغا قەلەم ھەققى ئەۋەتىشتە قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىمىز:

1. ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆز ئىسىم فامىلىسىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەنزۇچىسىنىمۇ كىملىكتىكى خەنزۇچە يېزىلىشى بويىچە ئەينەن - توغرا يېزىشى كېرەك.

2. ئاپتورلار ئەۋەتىلگەن ئەسەرلىرىگە ئۆز ئادرېسلىرىنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا تولۇق، تەپسىلىي، بىرلىككە كەلتۈرۈلگىنى بويىچە يېزىشى كېرەك.

3. يېزا - قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان - سېپىر بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر - جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئۆز ئەسەرلىرىگە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئەينەن - توغرا يېزىشى كېرەك.

—«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com




# مەرىپەت مەشئىلى نۇر چاچقان دىيار

ئابدۇۋاھىد توختى (ۋاھىدى)

مەرىپەت قۇياشى 1930 ـ يىللاردا مەرىپەت بۆشۈكى بولغان ئاتۇش دىيارىدا پارلاق نۇرىنى چېچىپ، مەرىپەت چولپانى مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) ئارقىلىق يېڭىچە پەننى مائارىپ ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە ئالتە ئاي ئىچىدىلا ئومۇملاشقانىدى. 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەرىپەت مەشئىلى يەنە شۇ مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان ئاتۇش دىياردا ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېف ۋە مەمتىلى ئەپەندىلەرنىڭ ئىز باسار ۋارىسلىرى تەرىپىدىن قايتا كۆتۈرۈلدى.

1948 ـ يىلى سەئۇدىي ئەرەبىستانىغا ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ، شۇ ئەلدە جۇڭگو مۇھاجىرى بولۇپ تۇرۇپ قالغان ئابلەت ھاجىم يۇرتداشلىرىنى سېغىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشى ئۈچۈن 400 كىشىلىك تەكلىپ ۋىزىسى ئەۋەتىدۇ. يۇرت جامائىتى ئالەمچە خۇش بولۇپ، ھەج سەپىرىگە ماڭغانلار ئارقىلىق ئابلەت ھاجىمغا: ھۆرمەتلىك ھاجىم، مەرھۇم دادىلىرى يۇسۇپ ھاجىم ھايات ۋاقتىدا ئاچقان قىزلار ئىپتىدائىي مەكتەپ ھازىر كونىراپ، خەتەرلىك ئۆيلەردە قالغان باللىرىمىز خاتىرجەم ئوقۇيالماي كەنت ماخوسنىڭ ئامبىرىدا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇماقتا. مەرىپەت سۆيەر ئاتىلىرىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، بۈگۈنكى قىينچىلىقتا قالغان ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن بىرەر مەكتەپ سېلىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشلىرىنى ئۈمىد قىلاتتۇق... دېگەن يۈرەك سادالىرىنى يوللايدۇ. ئابلەت ھاجىم يۇرتداشلىرىنىڭ بۇ يوللۇق تەلەپ سادالىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ ۋە يۇرتداشلىرى ھەج سەپىرىدىن قايتقاندا ئۇلارغا مەكتەپ سالدىغان ئورۇننى ھەل قىلىپ، قورۇلۇش خىراجىتىنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىدۇ. ھاجى ھەرەملەردىن ئابلەت ھاجىمنىڭ تۇغقىنى ئېلى ھاجىم قاسىم ئوغلى (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مالىيە خادىمى)، مەمتىلى ھاجى (ئاتۇش شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ كادىرى)لار ئابلەت ھاجىمنىڭ ياخشى كۆڭلىنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە يەتكۈزىدۇ. سۇنتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەت كەنتنىڭ ئەنجۈرلۈك بېغىدىن 40 مو يەر ئاجرىتىپ بېرىشنى قەيت قىلىپ ئاتۇش شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات سۇنىدۇ. مەرىپەت سۆيەر شەھەر

رەھبەرلىرى بىردەك قوللايدۇ. مەمتىلى ھاجىم ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى قادىر ئوسمان ھاجى (ئاتۇش شەھەرلىك بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، داڭلىق ئوسمان ھاجىم پىلانچىنىڭ ئوغلى) ئوبلاستلىق چېرتيوژ ئىدارىسىغا مەكتەپ قۇرۇلۇش خەرىتىسىنى سىزدۇرۇپ، ئابلەت ھاجىمغا يوللايدۇ. ئابلەت ھاجىم قۇرۇلۇش خەرىتىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن خۇشال بولۇپ 1 مىليون يۈەن زاكات مەبلىغى ئاجرىتىپ، ئوغلىدىن 500 مىڭ يۈەن ئالدىن ئەۋەتىپ، ئۇل قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ. مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا سۇ ھەل قىلىش ئۈچۈن شەھەر ئىچىدىن سۇزتاغقا ستولبىلىق 10 مىڭ يۈەنلىك توك لىنىيىسى ئۇلاتقۇزۇپ، 70 مىڭ يۈەنلىك توك قۇدۇقى قازدۇرىدۇ. قۇرۇلۇش باشلىنىپ يېرىملاشقاندا ئابلەت ھاجىم يەنە 400 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىپ، سەئۇدىيغا قايتىپ كېتىدۇ. ئۈچ قەۋەتلىك بېتون قۇرۇلمىلىق كۆركەم مەكتەپ قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن ئابلەت ھاجىم ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ 22 سىنىپ، 14 ئىشخانا، ئىككى زالدىن تەركىب تاپقان 2335 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ بىناسىنى ئۆتكۈزۈۋالدۇ ھەممە ئاتۇشنىڭ بىناكارلىق ئۇستىلىرىغا ئاپىرىن ئېيتىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش جاھازىلىرى، شۇنىڭدەك 500 ـ 600 كىشىلىك تۆمۈر ئورۇندۇق، تۆمۈر دەرۋازا، تۆمۈر ۋادەك، مەكتەپنىڭ چەمەنزارلىق سەينالىرىنى سېمونتلاش، ئوقۇتقۇچىلار ئاشخانىسى ۋە 60 كۆزلۈك چىنە خىشلىق زامانىۋى ھاجەتخانا ياساشقا شۇ يىل ئاخىرى يەنە 150 مىڭ يۈەن تەقلەپ بېرىدۇ. 1989 ـ يىلى 26 ـ ئۆكتەبىردە ئاتۇشتا ئابلەت ھاجىم شەرىپىگە مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمدا ئابلەت ھاجىم، ئايالى نۇرىمان ھاجە خېنىمگە يەرلىك ھۆكۈمەت تون كىيگۈزدى. ئابلەت ھاجىم بىناكار تېخنىك تۇرسۇن ئۇستىغا شەخسەن ئۆز نامىدىن تون كىيگۈزدى. مۇراسىمغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ سابىق باشلىقى ئامانۇللا قاتارلىق ئەزىز مېھمانلارمۇ ئىشتىراك ئەتكەنىدى. مۇراسىمدا قەلبى شادلىققا تولغان ئوقۇغۇچىلار ئابلەت ھاجىمغا قىزىل گالستۇك تاقاپ، ناخشىلار ئېيتىپ، ئۇسسۇللار ئوينىدى.

ئابلەت ھاجىمدىن ئىلھاملانغان مەرىپەت سۆيەر سودا ـ سانائەتچىلەر نەق مەيداندا خەتەرلىك سىنىپلارنى يېڭىلاش ئۈچۈن 50 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىشتى. «بۇلبۇل چىمەننى سۆيەر، ھەقىقىي ئىنسان ۋەتەننى» دېگەن قەلب سادالىرى قەدىمىي مەرىپەت بوستانى ئاتۇش دىيارىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، خەلق ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان ئابلەت ھاجىم قۇرۇپ بەرگەن مەرىپەت بىغىدا 71 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى، 600 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ قەلب شادلىقى ئىپادىلەنگەن «مەرىپەتپەرۋەر مۇھاجىر ئانا ۋەتەندە» ناملىق ئوچېركىم «قىزىلسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. مەن شۇ يىللارنىڭ باھارىدا ئابلەت ھاجىمنى ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنى ـ سۇنتاغ يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئابلىز ئۆمەرنىڭ ئۆيىدە زىيارەت قىلدىم. ئابلەت ھاجىم مەمنۇن بولۇپ شۇنداق دېدى:

— ئەگەر مۇشۇ ئوچېرك جۇڭگونىڭ نوپۇزلۇق ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنىپ ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىلسە، مەن ئۇنى سەئۇدىي ئەرەبىستان نەشر ئەپكارلىرىدا مىڭلاپ كۆپەيتىپ، شىنجاڭلىق ئۇيغۇر مۇھاجىرلارغا تارقىتىمەن. مەن ۋەتىنىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن مەبلەغ ئاجرىتىشقا تۈرتكە بولىمەن، ـ دېدى.

— دېگەنلىرىدەك بولغاي ھاجىم، ـ دېدىم مەن.

دېگەندەك بۇ ئوچېركىم «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىل 5 ـ سانىدا بېسىلدى. مەن 1996 ـ يىلى مەزكۇر ساندىن بىر نۇسخا تەييارلاپ، ئېلى قاسىم ھاجى ۋە قەشقەر تۆشۈك دەرۋازا ئۆرۈك بازىرىلىق ئېزىز ھاجىم سارايۋەن ئارقىلىق سەئۇدىي ئەرەبىستانغا ئەۋەتىپ، مەككىدىكى ئابلىز ھاجىم قولى بىلەن ئابلەت ھاجىمغا يەتكۈزدۇم. ئابلەت ھاجىم ئاتۇشلۇق ئابدۇقەييۇم ھاجىمدىن ماڭا مىننەتدارلىق سالىمىنى يوللىدى. مەزكۇر ئوچېركنىڭ تۈرتكىسىدە سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىر قۇربان ھاجىم ئۆز يۇرتى قەشقەر يېڭىشەھەرگە كېلىپ، شەھەر ئىچى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خەتەرلىك سىنىپلىرىنى چاقتۇرۇپ، بەش قەۋەتلىك زامانىۋى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ بەردى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى زىننەت ئۆمەر قاتارلىق رەھبەرلەر ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قۇربان ھاجىمغا تون كىيگۈزدى. قۇربان ھاجىم مۇنبەردە تىك تۇرۇپ، ئىپتىخارلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق ئىلكىدە مۇبارەك سۆزىنى سۆزلىدى:

— قەدىرلىك رەھبەرلەر، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى قېرىنداشلىرىم! مەن مۇشۇ ئانا مەكتىپىمدە ئوقۇپ، كېيىن مۇشۇ ئانا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. مەن گەرچە چەتئەلدە (يات ئەلدە) بولساممۇ، يۈرىكىم ۋەتىنىمىزدىكى سىز ناتىۋان ئەۋلادلىرىمغا كۆيۈپ ـ پىشىپ، بۇ ئوقۇتۇش بىناسىنى پەقەت سىزلەرنى ئوقۇسۇن دەپ سېلىپ بەردىم. مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇپ ئىلىم ـ پەن ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

ۋەتەن ئىچىدە رويى بەرگەن بۇ ئەكس سادالىرى شىنجاڭ ئاقسۇ دىيارىدىن سەئۇدىي ئەرەبىستانغا چىقىپ ماكانلىشىپ تۇرۇپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرى ئابدۇقادىر ھاجىملارنىڭ يۈرەك تارىنى چەككەن. ئابدۇقادىر ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھەلىمە ھاجە خېنىملار ئاقسۇغا كېلىپ، ئۆز يۇرتىدىكى مىللىي مائارىپقا بەش مىليون يۈەن مەبلەغ

سېلىپ، مەكتەپ سېلىپ بەردى. رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇستاز-سىلىرىغا 50 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى.

ئاتۇش دىيارىدا ئابلەت ھاجىم يېقىپ بەرگەن يېڭى مەرىپەت مەشئىلى ئاتۇش بوستانلىقىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىدە لاۋۇلداپ يېنىپ، نۇر چېچىشقا باشلىدى.

ئاتۇش شەھىرى تۇۋەن ئىشتاچى (يۇرتۇم)دىن كېرىم ھاجى 110 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ ئۆز يۇرتى مەركىزىدە ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىپ بەردى. شۇ كەنتتىكى بېيىغان تە-جارەتچىلەردىن شېرىپ چولاق 20 مىڭ يۈەن، ئىمام ھاجى 20 مىڭ يۈەن، بەكرى موللاخۇن 10 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلىپ كەنتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مەيدان ـ قو-رۇلىرىغا خىش ياتقۇزۇپ بەردى.

تۇرۇبا سۇلىرى ئېقىپ تۇرغان، رەڭگارەڭ ئەتىرگۈللەر ئېچىلىپ، تال بېدىشلەر كىشى قەلبىنى شادلاندۇرغۇچى ئىشتاچى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەرىپەت باغلىرىدا ياش ـ ئۆسمۈرلەر بەختىيارلىق ئىلكىدە غەمسىز ئوقۇپ بىلىم ئال-ماقتا. 1995 ـ يىلى مايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دا-ئىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزا تۇۋەن ئىشتاچى كەنتىگە بېرىپ، يېڭىدىن بېيىغان ئىسمائىل ھاجىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆز كەنتىدىكى ئاتۇش شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش خىراجىتى ئۈچۈن 360 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلغانلىقىنى ئالاھىدە ماختىدى:

ــ سىز تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش قىپسىز، خەلق سىزنى ئۇنتۇمايدۇ، ئەۋلادلار ئۇنتۇمايدۇ ـ دېدى مۇئاۋىن كوم-تېت باشلىقى.

ــ بۇ مېنىڭ كەنت مائارىپ ئىشلىرىغا قىلغان تۇنجى ياردىمىم، ـ دېدى قاۋۇل، سالاپەتلىك ئوتتۇرا ياش كارخا-نىچى سودىگەر ئىسمائىل ھاجى، ـ بۇنىڭدىن كېيىن كەنتتە-كى نامرات ئائىلە بالىلىرىنىڭ ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسەمنى قوشىمەن. مانا مۇشۇ ئىشتاچى تاغ باغرىدا (314 ـ دۆلەت تاشيولى بويىدا) قۇرۇپ ئىشقا چۈشكەن خورۇم ئاياغ زاۋۇتۇمغا كەنتتىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىش بە-لەن تەمىن ئەتمەكتىمەن. (بۇ كۆرۈنۈشلەر تېلېۋىزىيە ئېك-رانىدا كۆرسىتىلگەن).

ئاتۇش شەھەرلىك بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى قادىر ئوسمان ھاجى ئۆتكەن يىلى ئاتۇش شە-ھىرى ئۇستۇنئاتۇش يېزىسىنىڭ ئوچار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئىشخانا كەملىكىنى كۆرۈپ، ئۆز يېنىدىن 40 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ، بۇ مەكتەپكە ئىشخانا بىناسى سېلىپ بەردى. شۇ يىلى ئاۋغۇستتا بۇ كەنتتە باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن دۆلەت تەرىپىدىن پۇل ئاجرىتىلغاندىن سىرت، يې-زىدىكى ھەر بىر نوپۇستىن ئۈچ يېرىم يۈەندىن مائارىپقا ئىئانە توپلانغانىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قادىر ئوسمان ھاجى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئېلىپ، لايىھە تۈزۈپ چىقىپ، قۇرۇلۇشنى پىلاندىكىدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى سۈپەتلىك پۈتكۈزۈپ بەردى. مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىنىڭ كەملىكىنى كۆرۈپ يەتتە ئېغىزلىق ئىشخانا سېلىپ بەردى.

ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا تېتىر كەنتىدىن ھېپىزە ئاب-دۇرەھمان تېتىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانا قۇرۇلۇشىغا 40 مىڭ يۈەن؛ ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا مەشھەد كەنتىدىن ھاباخان ئابلىمىت مەشھەد باشلانغۇچ مەكتەپكە 40 مىڭ يۈەن، سۇنتاغ يېزا كىچىكئىز كەنتىدىن ئابدۇللا ھاجى كىچىكئىز باشلانغۇچ مەكتەپكە 21 مىڭ يۈەن، ئاتۇش شەھەر قاراجۇل يېزىسىدىن تۆمۈس تۆمۈر (قىرغىز) قىزىلتۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە 17 مىڭ 500 يۈەن، يەنە شۇ قاراجۇلدىن ئىبراھىم ھوشۇر قاراجۇل پىچان باشلانغۇچ مەكتەپكە 16 مىڭ يۈەن، ئاتۇش شەھىرى يۇقىرى ئىشتاچى كەنتىدىن مۇھەممەت ھەسەن يۇقىرى ئىشتاچى باشلانغۇچ مەكتەپكە 15 مىڭ يۈەن، ئاتۇش شەھىرى تەختىيۇن كەنتى-دىن ئېلى قارىھاجىم تەختىيۇن باشلانغۇچ مەكتەپكە 9000 يۈەن، يەنە شۇ كەنتتىكى جېلىل ھاجىم 5000 يۈەن، ئاتۇش شەھەر ئاغۇ يېزا لەڭگەر كەنتىدىن مۇھەممەت سۇپۇرگە لەڭگەر باشلانغۇچ مەكتەپكە 15 مىڭ يۈەن، ئاتۇش شەھەر ئۇستۇنئاتۇش يېزا ساي كەنتىدىن تۇرسۇن سىدىق ساي باشلانغۇچ مەكتەپكە 11 مىڭ يۈەن، يەنە ئۇستۇنئاتۇش يې-زىسىدىن نۇر قۇربان لايىلىق باشلانغۇچ مەكتىپىگە 14 مىڭ يۈەن، ئۇستۇنئاتۇش يېزا يولچىل كەنتىدىن ساۋۇت قۇربان يولچىل باشلانغۇچ مەكتەپكە 15 مىڭ يۈەن، ئۇستۇنئاتۇش يېزا تاقۇت كەنتىدىن قەييۇم باقى تاقۇت باشلانغۇچ مەك-تەپكە ئونمىڭ يۈەن، ئاتۇش شەھەر قاراجۇل كەنتىدىن سېيت ئاخۇن قاراجۇل ئېگىز باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئونمىڭ يۈەن، ئۇستۇنئاتۇش يېزا بەگساق كەنتىدىن تەۋەككۇل بەگساق باشلانغۇچ مەكتەپكە ئونمىڭ يۈەن؛ ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا ياقىباغ دېھقانلىرى ياقىباغ باشلانغۇچ مەك-تەپكە 70 مىڭ يۈەن، ئۇستۇنئاتۇش قولانچى دېھقانلىرى قولانچى باشلانغۇچ مەكتىپىگە 20 مىڭ يۈەن، ئۇستۇنئاتۇش يېزا دېھقانلار كەنتىدىن دېھقانلار، كادىرلار يۇرت باشلان-غۇچ مەكتىپىگە 54 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. ئاشۇ كۈنلەردە مائارىپنى قوللاش ھەرىكىتى مەملىكەت ئىچىدىن مەملىكەت سىرتىدىمۇ تەسىر قوزغىغان خۇشخۇدلۇق خە-ۋەر ــ قىممەتلىك خەۋەر تارقالدى. تايلاندلىق چىن چۈەن-ساڭ ئەپەندى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي

كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، ئۇ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يۇرتى ئاتۇش شەھىرى ۋاقۋاق كەنتىگە 700 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، ئۆز دەۋرانىدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئاتىسى تاشئاخۇنۇم ئەزىزى ① قۇرغان مەكتەپنىڭ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلغان. ئاتۇشتا مائارىپقا ئىئانە قىلىنغان ئىئانە سوممىسى 5000 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلار 200 ئادەمدىن ئاشىدۇ.

چىن چۈەنسالىڭ ئەپەندى ياردەم قىلغان پۇلغا سەيپىدىن ئەزىزى ئۆز مەبلىغىدىن كەم قىسمىنى تولۇقلاپ، ۋاقۋاق كەنتىگە ئۈچ قەۋەتلىك «تاشئاخۇنۇم مەرىپەت مەكتىپى» سالدۇردى. بۇ مەكتەپتە ھازىر ۋاقۋاق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇۋاتىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى ئۆز يۇرتىدا مەخسۇس لايىھىلەپ سالدۇرغان ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى ئىشخانا ـ ئارامگاھ، داچىلىرىدا ھازىرقى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىر، ئىلمىي مۇدىرلىرى، مەكتەپ ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ئولتۇرۇپ ئىشلەپ راھىتىنى كۆرمەكتە ② .

ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا بۇ ئاددىي ئەدەبىي خاتىرەمدە ئۇستۇنئاتۇشلۇق بىر مەرىپەتلىك كارخانىچى ئوغلانىنىڭ ھۆرمەتكە مەنزۇر ئەلسۆيەر ئىشىنى سۈرەتلەپ بېرىشنى لايىق تاپتىم. ئۇ ئاتۇش شەھەر ئۇستۇنئاتۇش يېزا ئىكساق كەنتىدىن يېتىشىپ چىققان ئىسلاھات شۇڭقارى دىلشاد ھەبىبۇللا ئىدى. ئىكساق كەنتىدىن دىلشاد بىلەن ئېلىيارلار ئىكساق كەنتىنىڭ مائارىپىغا 340 مىڭ يۈەن ياردەم قىلىپ، مائارىپنى قوللاپ مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزدى. دىلشاد ئۇستۇنئاتۇش ئىكساق كەنتىدە ئۆزى قۇرغان «گۆھەر» مېۋە شىركىتى ئىش قوشۇش زاۋۇتىغا 200 چە دېھقان زىيالىي ياشنى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ «گۆھەر» مېۋە شىركىتىنىڭ زىيالىي ياشلىرى يېزىدىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلار بولۇپ، ئۇلار بۇ مېۋە شىركىتى ئىش قوشۇش زاۋۇتىنىڭ تېخنىك ئىشچىلار قوشۇنى بولۇپ قالغان. بۇ زاۋۇت پىششىقلاپ بازارغا سالغان «گۆھەر» مېۋە ـ ئۆرۈك گۈللىرى مەملىكەت ئىچىدە يېڭى سۈپەتلىك مەھسۇلات سۈپىتىدە توپ ۋە پارچە سېتىلماقتا. دىلشاد ھەبىبۇللا بۇ تاغلىق رايون دېھقانلىرىنىڭ ئۆرۈكلۈك باغلىرىدىكى سورتلۇق خۇۋەينى ئۆرۈكلىرىنىڭ كېيىنرەك بىراقلا پىشىپ، دېھقانلار يەپمۇ، بازارغا ئەكىرىپ سېتىپمۇ تۈگىتىپ بولالماي، يەرگە تۆكۈلۈپ سېسىپ كېتىۋاتقان كرىزىسقا خاتىمە بېرىپلا قالماي، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار قۇرۇپ داڭقى چىققان ئىكساق «ھۇسەينىيە» مەكتىپىنىڭ ھازىرقى زامان زىيالىي ئەۋلادلىرىنىڭ ئىش ئورنى يوق، «كورت ۋە بورت» ئويناپ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغىمۇ خاتىمە بەرگەن. دىلشاد ۋە ئېلىيارلار شەپقەت قولىنى سۇنغان بۇ ئىكساق ئوتتۇرا مەكتىپىدە 1995 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار يېڭىچە پەننىي مائارىپىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى»دا دىلشات ھەبىبۇللا «گۆھەر» مېۋە شىركىتىنىڭ تېخنىك زىيالىي ئىشچىلىرى ③ ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر كەبىي مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ئىرپان مارشىنى ياڭرىتىپ پاراتتىن ئۆتكەندە، شىنجاڭ بويىچە تەكلىپ قىلىنغان مىڭلىغان ۋەكىل مېھمان ھاياجان ئىلكىدە گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراتقان. مۇسابايېفنىڭ نەۋرە ۋارىسى ئوبۇلھەسەن مۇسابايېف ئۈرۈمچىدىن سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن 70 مىڭ يۈەنلىك يېڭى مىنبۇسنى نەق مەيداندا ئىكساق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىشلىتىشىگىلا تەقدىم قىلغاندا يىغىن ئەھلىنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئوبۇلھەسەن مۇسابايېف شۇ كۈنى مىڭلىغان ۋەكىل مېھمانىنى ئىكساق كەنتىدىكى 17 بايي ئائىلىگە تەۋەلىك بويىچە باشلاپ، ھەر بىر ئائىلىدە بورداق قويلار سويۇپ، قويۇق ـ سۇيۇق ئالىي مىللىي تائاملار ۋە مول مېۋە ـ چېۋە، نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن كاتتا مېھمان قىلىپ ئۇزاتقانىدى. پروتوكول يىغىن پائالىيەتلىرى، مېھمان كۈتۈش، «مەشئەل» توپلامى، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ھەيكىلىنى ياساش، ئالىي دەرىجىلىك خۇرۇم سومكا سوۋغات بۇيۇملىرى ئۈچۈن مىليون يۈەن چىقىم قىلغان. ئىكساق مەكتىپى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا ھەيكەلتىراش ئەبەيدۇللا مۇھەممەتنىڭ ماھىر قولىدا ياسالغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ھەيكىلىگىمۇ شۇ كۈنى زەر دۇخاۋا يوپۇق يېپىلغان، مۇراسىم مۇنبىرىدە ئابباس بۇرھان (بىئولوگىيە ھاياتلىق ئىلمى ئالىمى) ئەپەندى تەبرىك نۇتقى سۆزلىگەنىدى.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار باشلىغان يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ 110 يىللىق خاتىرە مەرىكىسىگە ئاتاپ ئىشلەنگەن، شائىر، يازغۇچى، ژۇرنالىست نەسرۇللا ئابلەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان كاتتا قامۇس «مەشئەل»نىڭ ئىككىنچى تومى نەق مەيداندا ۋەكىللەرگە سوۋغا قىلىپ تارقىتىلدى ④ .

ئوبۇلھەسەن مۇسابايېف يېپىلىش مۇراسىمىدا، «ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار يېڭىچە پەننىي مائارىپى»نىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق—120 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى كاتتا تەبرىكلەش مەرىكىسى 2005 ـ يىلى تېخىمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ، ئاشۇ خاسىيەتلىك كۈنلەردە دىدار كۆرۈشۈشنى ئاللا نېسىپ قىلغاي، دەپ خوشلاشقانىدى!...

قىسقىسى، ئاشۇ ئۇنتۇلماس 1995 ـ يىل 26 ـ نويابىردا ھەيۋەتلىك پارات مۇنبىرى ئالدىدا ئۇستۇنئاتۇش تەۋەسىدىكى 17 باشلانغۇچ مەكتەپ، ئىكساق يولچىل، قايىراق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى مەشئەل

www.uyghurkitap.com

ياندۇرۇپ، ھەيۋەتلىك «ئىرپان مارشى»نى ياڭرىتىپ مەيداندىن ئۆتكەندە ئاكا ـ ئۇكا مۇساپايېفلار ۋە مەمتىلى ئەپەندىلەرنىڭ روھى يەنە بىر قېتىم پەلەكتە ئۇچقاندەك بولدى.

ئېكساقتىن باشلانغان ئىككىنچى قېتىملىق «مەشئەل» نۇرى ئاتۇش شەھرىنىڭ كەڭ يېزا، بازار ئاھالىلىرىنى لەرزىگە سالغانىدى.

ئاتۇش شەھرى ئازاق يېزا تىجەن كەنتىدىكى ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىغان ياش دېھقان يۇسۇپجان ئابدۇرېھىم ئۆتكەن يىلى تىجەن كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خىزمەت ۋە ئۆگىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 7000 يۈەن ئىئانە قىلغانىدى. شۇ يىلى ئۇ يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كىرگەن «موسكۋىچ» ماركىلىق 90 مىڭ يۈەن قىممەتتىكى پىكاپىنى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دارىلمۇئەللىمىنگە ئىئانە قىلىپ، بۇ مەكتەپنىڭ قاتناش قورالى بولمىغان قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى ۋە مائارىپچىلارنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى!

ئاتۇش شەھرى كاتتايلاق يېزىسىدا دېھقانلار 140 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ مائارىپقا ياردەم قىلىپ، 12 ئېغىز سىنىپ، ئون ئېغىز ياتاق، تۆت ئېغىز ئىشخانا يېڭىدىن سېلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا خاتىرجەم ئوقۇش مۇھىتى ھازىرلاپ بەردى. بۇ يېزا يەنە مەكتەپكە 50 يۈرۈش پارتا ـ ئورۇندۇق، 20 يۈرۈش ئىش ئۈستىلى ياستىپ بەردى. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى رېمونت قىلدۇرۇپ، كۆزنەكلەرگە ئەينەك سالدۇرۇپ بەردى.

ئاتۇش شەھرى سۇنتاغ يېزا ياقىباغ كەنت 5 ـ مەھەللىدىكى تۇرداخۇن ھاجىم ياقىباغ كەنتىدە باشلانغۇچ مەكتەپ يوق، بالىلارنىڭ شورۇق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ياقىباغ كەنتىگە باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ بېرىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. يەرلىك ھۆكۈمەت 1990 ـ يىلى بۇ پىلاننى تەستىقلىغان. تۇرداخۇن ھاجىم ئۆزىنىڭ ئىككى مو يېرىنى مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەرگەندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم بۇ كەنتتە يەتتە سىنىپلىق، 260 نەپەر ئوقۇغۇچىسى، 14 نەپەر ئوقۇتقۇچى بولغان ياقىباغ باشلانغۇچ مەكتىپى بارلىققا كەلگەن. 1993 ـ يىلى تۇرداخۇن ھاجىم ئۈچ مولۇق تەنتەربىيە مەيدانى ياستىپ بېرىشكە 2000 يۈەن ياردەم قىلغان. ئۆتكەن يىلى سىنىپ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، 68 مىڭ يۈەنگە 200 كۋادرات مېتىرلىق تۆت سىنىپ سالدۇرۇپ بەرگەن. يەنە 30 مىڭ يۈەن چىقىرىپ 100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا مەكتەپ قورۇ تېمى، مەكتەپ دەرۋازىسى، يېڭىدىن ئوقۇغۇچىلار ھاجەتخانىسى، نۆۋەتچى ئۆيى سالدۇرۇپ بەرگەن. ئۇ يەنە بۇ مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب پۇلى ئۈچۈن 300 يۈەن نەق پۇل، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسسىنىش يېقىلغۇسى ئۈچۈن 1950 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلىپ، سىنىپ، ئىشخانا ئۈستەللىرىگە 1200 يۈەن قىممىتىدە پەردىلىك رەخت، 400 يۈەن قىممىتىدە ئۈستەل ياپقۇچ رەختىنى ياردەم قىلغان. كېيىن بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى 30 غا، ئوقۇغۇچىلىرى 362 گە يېتىپ، شەھەر بويىچە تۆرلۈك خىزمەتلەردىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان. تۇرداخۇن ھاجىمنىڭ ئون نەچچە سۆڭلۈق چوڭايتىلغان سۈرىتى جازىغا ئېلىنىپ ئېسىپ قويۇلغان. تۇرداخۇن ھاجىم بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئوبلاستلىق دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلۇشى، ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىسسىنىشى، مېيىپلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاقتۇ، ئۇلۇغچات ناھىيىلىرىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن 200 تونىنا كۆمۈر ياردەم قىلدى. ياقىباغ مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىنى قانچە پۇل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر بېتونلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

—ياقىباغ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن بىر پۇڭ تەلەپ قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا كېتەرلىك بارلىق خىراجەتنى ئۈستۈمگە ئالىمەن، ئورۇندۇق، ئۈستەللىرىنى قايتىدىن ياستىپ بېرىمەن، مەكتەپكە ئايلانما مەبلەغ سېلىپ بېرىمەن، ـ دەيدۇ ئۇ مەردانىلىق بىلەن.

ئۇنىڭ ھازىرغىچە مائارىپقا قىلغان ئەمەلىي ياردىمى 231 مىڭ 250 يۈەنگە يەتكەن.

—سىز نېمىشقا مۇنداق ياخشى ئىش قىلىش نىيىتىگە كەپقالدىڭىز؟ ـ دېگەن سوئالغا ئۇ:

—ئۆكىلىرىم، سۆزلىسەم گەپ تولا. بۇرۇن ئائىلە تەركىبىم يۇقىرى بولغاچقا، بالىلىرىم مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن. بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز مەن ۋە مېنىڭ بالىلىرىم كۆرگەن خورلۇق ۋە مەدەنىيەتسىزلىكنى ئۇلار كۆرمىسۇن، دەيمەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى كەسىپلەر بويىچە نامراتلارغا يار ـ يۆلەك ئۇقتىسى بولغان ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قارا كېچىك يېزىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە بۇ يېزىغا 1997 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغا قەدەر 100 مىڭ يۈەن بېرىشنى بېكىتتى. مائارىپ ئىدارىسى پارتكومى بۇ يېزىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پىلانىغا ئاساسەن ئىدارە ئورگىنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە قىزىلسۇ دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، يىلدا 20 مىڭ يۈەندىن بەش يىلدا 100 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ، قارا كېچىك يېزىسىنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى ھەمدە ئىككى يىلدا بېرىدىغان 20 مىڭ يۈەندىن 40 مىڭ يۈەننى يىغىپ ئۈچ ئايدا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ ئىدارە يەنە ئىككى نەپەر بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرنى بۇ يېزىنىڭ

پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەش، مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈپ، كۆپلەپ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى.

«بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئەڭ زور بەختسىزلىك دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ، شۇ مىللەت مائارىپىنىڭ قالاقلىقى، ئادەملىرىنىڭ نادانلاشقان تەبىئىتىدۇر. شۇڭا گېرمانلار: مائارىپ ھەربىيدىن مۇھىم» دەپ قارايدۇ. (قاراڭ: تۇرسۇنمۇھەممەت توختى: «قىممەت قارىشىمىزدىكى يوشۇرۇن كرىزىس»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 - يىل 2 ، 3 (قوشما) سان).

ئاتۇش مائارىپى شىنجاڭ بويىچە يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرماقتا. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى سۈپىتى شىنجاڭ بويىچىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتكەن. 2000 - يىلى بۇ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار %97 كە يېتىپ، رېكورت ياراتقان. ھېچقانداق ئۆلكە، شەھەرلەرمۇ بۇ نىسبەتكە يېتىشەلمىگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بۇ مەكتەپكە «ئالىي لوڭقا مۇكاپاتى» بەرگەن.

ھازىر ئاتۇش شەھىرى بويىچە توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇملىشىپ بولغان. بۇ شەھەر بۇ يىلدىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرا مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا يۈرۈش قىلدى.

ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 50 يىللىق مەرىكىسى كاتتا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەكتەپنىڭ 50 يىللىق تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇردى.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسى مەخسۇس تېلېۋىزىيە سۆھبىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاتۇش مائارىپىنىڭ باشلامچىلىق يۈكسەك مائارىپ بولغانلىقىنى، بولۇۋاتقىنىنى پۈتكۈل شىنجاڭغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتتى. بىز ئاتۇش خەلقىگە ئاپىرىن ئېيتىپ: «تېخىمۇ ئۆرلە، ئەي مەشئەل مائارىپ» دەپ بار ئاۋازىمىز بىلەن خىتاپ قىلىمىز. تېخىمۇ زور، تېخىمۇ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ساڭا يار بولسۇن.

### ھۆرمەتلىك مۇھەررىر:

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىل 5 - ساندا تالانتلىق ئەدىب ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ «دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟» ناملىق بىر پارچە نادىر ئۆچېركى ئېلان قىلىندى. «ئىلى مۇھەببىتى»، «ئاق دالا» ناملىق شېئىر - داستانلار توپلاملىرىنىڭ، «كومۇش ئۆزەڭگە»، «داغدا قالغان تۇنجى مۇھەببەت» ناملىق ھېكايە - پوۋېستلار توپلاملىرىنىڭ، «كەنئان باتۇر»، «مايىمخان»، «شاھزادە دەرمان ۋە مەلىكە دەۋران» ناملىق قىسسە - رىۋايەتلەر، «ئىلى باغۋەنچىلىكى» (قەلەم تەۋرەتكۈچىسى)، «ھەسەل ھەرە پادىشاھلىقىنىڭ سىرى» ناملىق ئىلمىي تەتقىقات كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپى، ئىستېداتلىق ئەدىب ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ مەزكۇر ئۆچېركىنى ئوقۇپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم. خۇددى گىنئال يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ «ياۋروپاغا سەپەر»، «ئەرەب يېرىم ئارىلىدا» ناملىق ئۆچېركلىرى بىلەن بىر قاتاردا كۆرۈپ، قايتاپ - قايتا ئوقۇپ ھاياجان ئىلكىدە ھۆرمەتلىك ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىگە تەشەككۇر خەت يازغۇم كەلدى. ئۆچېركتە، ئاپتور ئاتۇشتىكى دېھقان تۇغقىنىنىڭ خىلۋەت ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قەلەم تەۋرىتىپ، ئاتۇش خەلقىنىڭ ئەمگەكچان، تىرىشچان، باتۇر، ئىگىلىك يارىتىشقا ماھىر، مېھماندوست، مەدەنىيەت سۆيەر خەلق ئىكەنلىكى، تاغلىق، شېغىللىق سايىنى ئېكىن يەرگە ئايلاندۇرۇپ، جەننەتتەك باغۇ ئېرەمگە ئايلاندۇرغانلىقى، تىجارەت - سودىگەرچىلىككە قابىل ئۇيغۇر ئارىيان قەبىلىسىنىڭ سەرخىل سەردارلىرى ئىكەنلىكى؛ ئاتۇش خەلقىنىڭ تىرىشچان، يېڭىلىق يارىتىش روھىي بايلىقىنى ئۆز يۇرتى ئىلى دېھقانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، مۇنبەت ئىلى دىيارىدا نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بىر قىسىم ھورۇن يۇرتداشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان.

ئۆچېركتە خۇددى ئىشكىنى ئېچىپ تاغنى كۆرگەندەك، تاغ ئۈستىدىن گۈزەل باغنى سۈرەتلىگەندەك ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتكەن، رېئاللىق دەشتى - باياۋانلىرىدىن جەننەت باغۇئىرەملىرىگە كۆچكەن، تەپەككۇر كۆزلىرىدە دۇنيا تەسەۋۋۇرلىرىغا چۆمۈلگەن ھېكمەتلەر قامۇسىنىڭ بەدىئىي دۇردانىلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ، مەندەك ئوقۇرمەن شەيدالىرىنى مەھلىيا قىلدۇرغان تالانتىنى بۇ ئاددىي قەلىمىم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن! تالانت دېگەن، بولۇپمۇ پاساھەتلىك تالانت ئىگىسى شۇنداق بولىدىكەن. ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىگە سالامەتلىك ۋە بەخت يار بولغاي، ئىجادىيەت گۈلزاي تېخىمۇ ياشناپ كەتكەي!

ئەمما، ئىستېداتلىق ئەدىبنىڭ مۇشۇنداق شۆھرەتلىك نوپۇزلۇق ئەدەبىي، ئىلمىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان نادىر ئۆچېركىنىڭ 3 - بەت، «تەنەپپۇسلۇق پاراڭ» بايانىدا مۇنداق بىر ئابزاس قەلب ساداسى مېنىڭ مۇلاھىزىلىك تەپەككۇر ئېكرانىمغا سايە تاشلاپ قويدى. بۇ ئابزاستا مۇنداق دېيىلگەن: «... ئەپسۇسكى، ئاشۇ بايلارنىڭ شىنجاڭدا ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ تۇنجى مەشئىلىنى ياندۇرغان بىز دەپ ماختىنىۋاتقان، ئەلگە داڭلىق مەمتىلى ئەپەندىدەك غۇرۇرى كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەرلەرنى يېتىشتۈرگەن بىر يۇرتتا ئاشۇ جامىئەلەرگە ئوخشاش گۈللۈك خىش، تىزما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەپ ئۆز خەلقىگە تۇتقان بىرەر مەكتەپ، ئىلىم - مەرىپەت بىناسىنى ئۇچرىتالمىدىم ۋە ئاڭلىمىدىم. بۇ يۈزسىز قەلەم غۇلجا شەھىرىدە كاتتا مەكتەپ سېلىپ 200 دىن ئارتۇق يېتىم - يېسىرلەرگە ئاتا بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ئوقۇتۇۋاتقان نۇرتاي ھاجىمغا، 3 مىليون 700 مىڭ خەجلەپ، غۇلجا ناھىيىسى تۇرپانيۈزى يېزىسىدىكى دېھقان بالىلىرىغا ئۈچ قەۋەتلىك زامانىۋى مەكتەپ سېلىپ بەرگەن ئەل ئوغلانلىرى سادىقجان، ساقىھاجى ئاكا ـ ئۇكىلارغا غايىۋانە تەشەككۇر قۇرلىرىنى تىزماي ئۆتۈپ كېتەلەمدۇ؟!...»

مېنىڭچە، مۇئەللىپ بۇ خىل سېلىشتۇرما ئەدەبىي خاتىرە قۇرلىرىنى ئاپئاق قەغەز بېتىگە نەقىشلىگەندە، ئاشۇ مەرىپەت دىيارىدا سەيلە ـ ساياھەت قىلىۋېتىپ تۇرۇپ، سەل ئالدىراپ قالغان. مۇبارەك قەدەملىرىنى ئاشۇ مۇبارەك قەدەملىرى ئاستىدىكى سۈنتاغ ئابلەت ھاجىم نامىدىكى زامانىۋى ئۈچ قەۋەتلىك شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى، ئىشتاچىلىق كېرىم ھاجىم ۋە ئىسمائىل ھاجىملار قۇرۇپ بەرگەن شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى ۋە ئۇلار داۋاملاشتۇرغان مەرىپەت مەشئىلىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتۇش يېزا ـ كەنتلىرىدە مائارىپقا ئىئانە قىلىپ، مەكتەپ قۇرۇشقا ھەسسە قوشقان مەرىپەت پىداكارلىرىنى كۆرمەي قالغان. ياكى شەھەرلىك، يېزىلىق مائارىپ تارماقلىرىدىن سۈرۈشتۈرمەي، ئالدىراپلا دۇنياغا جاكارلىۋەتكەن. 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا ئاتۇشتا ئۆز يۇرتى سۈنتاغ دىيارىغا مىليون ⑤ يۈەن مەبلەغ سېلىپ (قۇرغان) ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پەخرى، تۆھپىكارى، ئاتۇشلۇق، سەئۇدىي ئەرەبىستانى مەككە شەھىرىدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك كاتتا باي ـ ئابلەت ھاجىم ۋە ئۇنىڭ جىددە، تائىف، مەككە شەھەرلىرىدىكى بەش ئوغۇل، بەش قىز پەرزەنتى بۇ ئوچېركنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئوقۇپ ھەيران قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئاتقان ئوقنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. تەھرىراتمۇ بىرەر قۇر سۈرۈشتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالغان. بۇ بىر كىچىككىنە ساۋاق.

بىر ھېسابتا ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ مەسىلىنى مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا قويغىنى ياخشى بوپتۇ. بۇ مۇلاھىزىلىك تەنقىدىي ياردەم بىز ئاتۇش زىيالىيلىرىنى ئويغىتىشقا، قولىمىزغا قەلەم ئېلىپ ئۆزىمىزنى ئاقلاش پۇرسىتى تېپىشىمىزغا ياردەم قىلغىنىغا رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئاتۇش دىيارىنى بىر ئايلىنىپ دېگەندەك، ئاتۇش شەھىرى ئىچى ۋە سىرتىدا مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەۋلادلىرىنىڭ غېمىنى يەپ، مىللىي مائارىپىمىزنىڭ ھالىغا قۇلاق سېلىپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى سېلىپ بەرگەن مەرىپەت سۆيەر تۆھپىكار چولپانلارنى، مەرىپەت ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلغان ئوغلانلارنى ئۆگىنىپ، يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىپ «مەرىپەت مەشئىلى نۇر چاچقان دىيار» ناملىق بىر پارچە ئەدەبىي خاتىرە يېزىپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا ئەۋەتتىم. ئىشىنىمەنكى، ئاتۇشتا «ئۆز خەلقىگە تۇتقان بىرەر مەكتەپ، ئىلىم ـ مەرىپەت بىناسىنى ئۇچرىتالمىدىم ۋە ئاڭلىمىدىم» دەپ جاكارلىغان مۇئەللىپكە يېتەكچى بولغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاتۇشتا نۇرتاي ھاجىم ۋە سادىقجان، ساقىھاجىملارغا ئوخشاش مەرىپەت تۆھپىكارلىرىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى يەنە شۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇبارەك بەتلىرىدە ئەللەرگە تونۇشتۇرالايدۇ ۋە شۇنداق قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىلمىي تەتقىقات دېگەن شۇنداق بولىدۇ. بۇنى توغرا چۈشىنىكە بولىدۇ. «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايرىسۇن» پرىنسىپىغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تېخىمۇ ئەمەل قىلىدۇ. مېنىڭ بۇ ئەدەبىي خاتىرەمنىڭ باشقا ژۇرناللاردا يۈز كۆرۈشكىنىدىن مۇشۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت ئەل سۆيگەن مەردانە نەشر ئەپكاردا دىدارلاشقىنى ياخشى دەپ قارايمەن. مۇۋاپىقمۇ ـ يوق، مۇھەررىرىنىڭ يوليورۇق بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ ھۆرمەت بىلەن:

كەمىنە ئوقۇرمەنلىرى ـ ۋاھىدىي ئەپەندى.

2004 ـ يىل، ئۆكتەبىر

**ئىزاھلار:**

① ئەزىزى ـ ئۆز زامانىسىدا (2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە) ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ مەشھۇر شەيخ ئاخۇنى ئىدى. س. ئەزىزىلەر ئاشۇ بوۋىسىنىڭ نامىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن «ئەزىزى» فامىلە نامىنى قوللانغان. (ئا)

② راھىتىنى كۆرمەكتە ـ تاشئاخۇنۇم يېڭى مەكتىپىنىڭ تەپسىلىي خاتىرىسىنى «تاشئاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى» دېگەن تەزكىرە كىتابىدىكى مېنىڭ «بىر ئۆمۈر خەلق ئۈچۈن سوققان قەيسەر يۈرەك» سەرلەۋھىلىك ئەدەبىي ئاخباراتىمدىن كۆرسە بولىدۇ. (ئا)

③ ئۇستۇنئاتۇش ئىكساق كەنت «گۆھەر» مېۋە شىركىتى تېخنىك ئىشچى زىيالىي ياشلىرىغا 300 ـ، 400 يۈەن ئىش ھەققى بەرگەندىن باشقا قىشتا ھەر بىرىگە بىر توننىدىن قىشلىق ئىسسىنىش كۆمۈرى بېرىدۇ. ئۇلارنى مەخسۇس بىر مىنبۇستا ئىشقا ئېلىپ كېلىپ، ئىشتىن چۈشكەندە كەچتە ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. دىلشاد ھەبىبۇللانى ئۇلار سېخىي شاپائەتچىسى دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. شۇڭا خەلق دىلشادنى يېزا باشلىقى قىلىپ سايلىۋالدى.

④ «مەشئەل» توپلىمىنىڭ ئىككىنچى تومىدا مېنىڭ «شىپالىق قول، شەپقەت پەرىشتىسى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىم بار. (ئا)

⑤ مىليون يۈەن ـ 2000 ـ يىللاردىكى 3 مىليونغا تەڭ.

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 10 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ھازىر پېنسىيىدە



# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئامىللىرى ھەققىدە

ئەسقەر ئابدۇقادىر

ماقال ـ تەمسىل خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ژانىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك قارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە جەمئىيەتكە بولغان قارىشى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ ئەمگەكچان خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئىدىيىسى، ئارزۇ ـ ئۈمىدى، ئىنتىلىشلىرى شۇنداقلا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىلىرىنىڭ جەۋھىرى، ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ ئومۇمىلاشقان يەكۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتا تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە بىلىش چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇنىڭدىن ئالغان تەسراتنى ئەكس ئەتتۇرۇشمۇ شۇنچە ئىخچام ھەم مەزمۇنلۇق بولىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر خەلقنىڭ تۇرمۇشقا چەمبەرچاس باغلانغانلىقى، ئۇنىڭغا زىچ تەدبىقلانغانلىقى، جۈملىدىن ئۆزى بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي شارائىتنى سۈرەتلەپ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئاشۇ خەلقلەرنىڭ تارىخى، تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمي مىللەت. ئۇلار ئۆزىنىڭ تارىخي تەرەققىياتى جەريانىدا پارلاق ۋە يۈكسەك بولغان مىللىي مەدەنىيەتنى يارىتىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلمەكتە. خەلق ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ ئىخچام يەكۈنى بولغان ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئەنە شۇ تۆھپىلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەل تەتقىق قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن فولكلورغا مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە. چۈنكى فولكلور خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسي ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك ئادەت ـ يوسۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر بولسا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبي قىسمى بولۇپ، ئۇنىمۇ فولكلور ئىلمى ئاساسىدا تەھلىل قىلىپ كۆرسەك تەتقىقاتىمىز تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ.

ئادەتتە فولكلورنى ماددىي فولكلور، ئىجتىمائىي فولكلور ۋە مەنىۋى فولكلور دەپ چوڭ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە بىز مۇشۇ ئۈچ تۈر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەرگەچ، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى شۇلارغا تەدبىقلاپ، بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

## 1. ماددىي فولكلور

ماددىي فولكلور يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان فولكلورىدا دىققەت ـ ئېتىبارنى قوزغايدىغان مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بەزى فولكلور نەزەرىيىلىرىدە گەرچە ماددىي

www.uyghurkitap.com

ئىستېمال پائالىيەتلىرىدىكى ئادەتلەر تەتقىقات مەزمۇنى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت تۈزۈملىرى نەزەردىن ساقىت قىلىندى. بۇنداق بولغاندا تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان ئېتنىك هادىسىلەر ماددىي ئاساستىن ئايرىلىپ قالىدۇ ـ دە، بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئۇسسۇلچىنى مىسالغا ئالساق، ئۇسسۇلچى سەهنىگە (مەيدانغا) چىقىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇشى كېرەك. ئاندىن ئۇنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلى شوخ، جەلپ قىلارلىق هالەتكە ئۆتۈپ تاماشىبىنلارنى قايىل قىلالايدۇ. ئەگەر قورسىقى ئاچ هالەتتە سەهنىگە چىقسا ئۇنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلى ناهايىتى جانسىز، رەتسىز ئوينىلىدۇ ـ دە، تاماشىبىنلارنى ئاسانلا زېرىكتۈرۈۋېتىدۇ. يۇقىرىقى مىسالدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئانىسى ماددىي مەدەنىيەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىي مەدەنىيەتكە هەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

فولكلورنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەتقىقاتچىلار ماددىي مەدەنىيەت ۋە تېخنىكىنىڭمۇ مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئوخشاشلا ئەمگەكچى خەلق ئەقىل ـ پاراستىنىڭ مەهسۇلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش بىلەن بىرگە ئۇنى فولكلورنىڭ مۇهىم بىر مەزمۇنى قىلدى.

پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە قۇرۇلمىسى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش شەكلى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن هەر خىل ئىجتىمائىي ئىدىيە، كۆز قاراش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خىلمۇخىل تۈزۈملەرنىڭ شەكىللىنىش ئاساسىنى ماددىي تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، پەقەت ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ماددىي هايات توختىماي يېڭىلىنىپ تۇرغاندىلا، مۇقىملىشىپ قالغان بەزى ئادەتلەر ئۆزگىرىشى ۋە ياخشى تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىشى مۇمكىن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئىقتىسادىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر هەقىقەتەن ئىنتايىن مۇهىم. تۆۋەندە بىز ماددىي فولكلور بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقال ـ تەمسىللەر هەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ماددىي فولكلور بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقال ـ تەمسىللەرنى دېهقانچىلىققا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر؛ باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر؛ يېمەك ـ ئىچمەككە ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1) دېهقانچىلىققا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر

مەلۇمكى، قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىن كەڭ، بايلىقى مول، تەبىئىي شارائىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىمۇ ئىنتايىن ئۇزۇن، زىرائەتلەرنىڭ تۈرىمۇ خىلمۇخىل. مانا بۇ ئەمەلىيەت دېهقانچىلىق، هاۋارايى ۋە پەسىل توغرىسىدىكى كۆپلىگەن ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تولۇق ئوبيېكتىپ شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. مەسىلەن:

«يەرنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالدار»، «ئەتىيازدىكى هەرىكەت ـ كۈزدىكى بەرىكەت»، «ئەجىر قىلساڭ تاشقا، ئاغزىڭ تېگەر ئاشقا».

بۇ ماقالىلاردا جاپالىق تەر تۆككەندىلا ئىشلەپچىقىرىشتىن مول هوسۇل ئالغىلى بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۇپراقنى ياخشىلاپ ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەكلىكى، بۇنىڭ دېهقانچىلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكى ناهايىتى ئىخچام تىللار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇنداقلا زىرائەتلەرنىڭ هەر خىل ئۆسۈش خۇسۇسىيەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئېنىقكى، هاۋارايىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى دېهقانچىلىقتىكى مۇهىم ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭا ئۇيغۇر ئەمگەكچان دېهقانلىرى ئۇزاق زاماندىن بۇيان ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق هاۋارايى هەققىدىمۇ نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولدى ۋە ئۇنى ماقال ـ تەمسىل شەكلىدە تەشۋىق قىلدى. مەسىلەن:

«ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە»، «شارقىراپ ياغقان يامغۇر ياندىن ئۆتەر، سىمىلداپ ياغقان يامغۇر جاندىن ئۆتەر»، «كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى»، «قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغۇقى ئەتىياز» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ماقال ـ تەمسىللەردۇر.

مەۋسۇم پەيتىمۇ دېهقانچىلىقتا ئىنتايىن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە. چۈنكى «هۆت ـ كەتمەن سېپىنى تۈت» دېگەندەك هەرقانداق ئىشنىڭ ئۆز قەرەلى بولىدۇ. ئەگەر دېهقانچىلىقنىڭ هەرقايسى تۈرلىرى ئۆز قەرەلىدە ئېلىپ بېرىلماي ئىلگىرى ـ ئاخىر ئېلىپ بېرىلىپ قالسا ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

«بالدۇر تېرىغان ئاش ئالار، كېيىن تېرىغان شاخ»، «كۈنلۈك ئىش قىلساڭ سەهەردىن باشلا، يىللىق ئىش قىلساڭ باهاردىن»، «يەر هەيدىسەڭ كۈز هەيدە، كۈز هەيدىمىسەڭ يۈز هەيدە» قاتارلىق ماقالىلاردا ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە قانداق ئىشنى قىلىش لازىملىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

### 2) باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان دېهقانچىلىق بىلەن بىللە يەنە باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ماقاللىرى ئەنە شۇ ئەمگەك تۈرلىرى بىلەن باغلىنىدۇ ۋە بۇ هەقتىكى ئەمگەك تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

«ئاۋۋال تام ئەت، ئاندىن باغ»، «ئانار ئۇرۇقى بەلەن، گۈل پۇرىقى بىلەن»، «بېغى بارنىڭ تېغى بار»، «چىلاننى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە».

يۇقىرىقى ماقالىلاردا بىر تەرەپتىن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىپ

ئۆستۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە باغۋەنچىلىكنىڭ ئەھمىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئورمانچىلىققا ئائىت ماقال - تەمسىللەرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خۇددى دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىككە ئائىت ماقال - تەمسىللەرگە ئوخشاش ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ ماقال - تەمسىللەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرى خۇلاسىلەنگەن. مەسىلەن: «بىرنى كەسسەڭ، ئوننى تىك»، «كۆچەتنى سۇندۇرغۇچە قولۇڭنى سۇندۇر»، «ئاتىسى تىككەن كۆچەت نەسلىگە سايە بېرىپتۇ»، «تىككۈەرسەڭ كۆچەتنى بىكار جايغا، ئايلىنىسەن پات ئارىدا كاتتا بايغا».

يۇقىرىدىكى ماقال - تەمسىللەردە ئورمان بىنا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن كۆچەتنى قانداق جايغا تىكىش ھەققىدە ساۋات بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئورماننىڭ ھەرقايسى جەھەتتىن پايدىلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەت چۈشەندۈرۈلگەن.

چارۋىچىلىققا ئائىت ماقال - تەمسىللەرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مۇنداق ماقال - تەمسىللەردە ھايۋانلارنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋە چارۋىچىلىقنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ئات يۈتەلسە ئوقۇر سال، كالا يۈتەلسە پىچاق»، «ئېشەك ھېرىپ قالسا بىر چۈچەك قوناق»، «تۆگەڭ بار بولسا يۈكۈڭ يەردە قالماس»، «توخۇ تويماس، ئۈچىردىغاننى قويماس»، «قوي باقساڭ يىغىپ باق، ئىنەك باقساڭ سىغىپ باق».

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا ئائىت ماقال - تەمسىللىرىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇلار يالغۇز شۇ ساھەدىكى تەجرىبە - ساۋاقلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن يەنە جۇغراپىيە، ھاۋا رايى ۋە پەسىل ھەققىدىكى بىلىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 3) يېمەك - ئىچمەككە ئائىت ماقال - تەمسىللەر

يېمەك - ئىچمەك ئىنسانلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ماددا بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ئوخشىمايدۇ. جۈملىدىن، بۇ جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ خىلدىكى ماقال - تەمسىللەرمۇ بىزنى شۇ مىللەتنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىر مىللەتنىڭ يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىمۇ شۇ مىللەتنى باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەككە ئائىت ماقال - تەمسىللىرى خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوزۇقلىنىشقا بولغان قارىشى ۋە يېمەك - ئىچمەك ھەققىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرى يەكۈنلەنگەن. مەسىلەن:

«ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام»، «ئۇگرە ئەتسەڭ تۇزۇك ئەت، ئېتەلمىسەڭ ئۈزۈپ ئەت»، «سىڭمىگەن پولۇدىن سىڭگەن ئوماچ ياخشى»، «قورۇما قورۇشتىن، شورپا سورۇشتىن»، «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ».

يۇقىرىقى ماقاللاردا بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس تائاملىرىنى تەييارلاشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھالال ئىشلەپ تېپىپ يېگەن تاماقنىڭ لەززەتلىك بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## 2. ئىجتىمائىي فولكلور

ئىجتىمائىي فولكلور پۈتكۈل فولكلورنىڭ بىر چوڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ئىنتايىن مول. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولىدۇ. تار مەنىدىن ئېيتقاندا ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس مەنىسى بار. نوقۇل بىر ئىجتىمائىي ئادەتنىڭ شەكىللىنىشى كىشىلەرگە نىسبەتەن بىر خىل ئالاھىدە مەجبۇرلاش ۋە چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇمۇ مۇئەييەن بىر دائىرىدىلا رول ئوينىيالايدۇ. ئائىلىۋى، ئائىلە ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئالدى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ئۇ گەرچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە ۋە بىر قېرىنداشلار دائىرىسىگە كىرەلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىكى ئادەتلەر پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ بىر ھۇجەيرىسى بولالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا بەزى ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا شۇ ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن ئامىللارنىڭ تەبىئىي مەنسۇپلىقى مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: نىكاھ ۋە ئائىلىنى ئالساق، بۇ باشقا مۇناسىۋەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىدە تەبىئىي مەنسۇپلۇق ئامىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەر - ئايال ئىككى جىنسنىڭ پەرقى بىلەن ئىنسانلاردا تەبىئىي مەۋجۇد بولغان جىنسىي قابىلىيەت نىكاھ ئادىتىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. بىز بۇ خىل ئادەتلەرنى فولكلور نۇقتىسىدىن تەكشۈرگەندە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كىشىلىك ئىجتىمائىي ماھىيىتىنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك ۋە شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىجتىمائىي فولكلور بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقال - تەمسىللەرنى ئائىلە ۋە نىكاھقا ئائىت ماقال - تەمسىللەر، شەخسىي تۇرمۇش، مۇراسىم ئادەتلىرىگە ئائىت ماقال - تەمسىللەر ۋە ئىجتىمائىي كەسپىي گۇرۇھقا ئائىت ماقال - تەمسىللەر دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

### 1) ئائىلە ۋە نىكاھقا ئائىت ماقال - تەمسىللەر

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ھۇجەيرىسى ۋە ئەڭ كىچىك ئورگىنى. مۇشۇ ئورگان بىۋاسىتە ھالدا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئاساس بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ راۋاجلىنىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق تەرەققىيات جەريانىدا كىشىلەر ئائىلە ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتى ھەم

نىكاھ توغرىلىق ھەر خىل تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملانغان ماقال ـ تەمسىللەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن: «ئاتا ـ ئاناڭنى بېشىڭدا كۆتۈر، بالىلىرىڭنى قولۇڭدا»، «ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ، بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن»، «ئاتا بولمىغىچە ئاتا قەدرىنى بىلمەس».

بۇ ماقاللاردا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش لازىملىقى ئىخچام سۆزلەر بىلەن دەۋەت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە:

«ئاجراشقاننىڭ كۆتى ئېچىلار، ئاجراشمىغاننىڭ بەختى»، «ئەر كۈنلىسە ئۆي تۈزۈلەر، خوتۇن كۈنلىسە ئۆي بۇزۇلار»دېگەندەك ماقاللار بار بولۇپ، بۇ ماقاللاردا بىر تەرەپتىن ئىتتىپاق ئائىلە قۇرۇش كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نىكاھ ئىشى ئادەتتىكى ئىش ئەمەسلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى ھەر خىل ئوبرازلىق تىللار ئارقىلىق ئىخچام ئىپادىلەنگەن.

## 2) شەخسىي تۇرمۇش ۋە مۇراسىم ئادەتلىرىگە ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر

مۇراسىم ۋە ھېيت ـبايرام پائالىيەتلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خاراكتېر جەھەتتىن خەلقنىڭ بىر خىل مەدەنىيەت پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزگە مەلۇم، بىر ئىنسان پۈتكۈل ئۆمرىدە بىر قانچە تۇرمۇش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئىجتىمائىي تەۋەلىك ئورنى ۋە رولىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئىنسان ئۆمرىدىكى ھەر بىر باسقۇچ ئوخشىمىغان مۇراسىم شەكلىدە ئىپادىلىنىپ كەلگەن. شەخسىي مۇراسىم دېگىنىمىز ئومۇمەن ئىنسان تۇغۇلۇپ ئۆلگەنگە قەدەر ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان ھاياتى بىلەن باغلىق بولغان مۇراسىملارنىڭ پۈتكۈل جەريانى ياش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىنسان ئوخشىمىغان ياش باسقۇچلىرىدا ئوخشىمىغان مۇراسىملارنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئىنسان ھاياتىدىكى بۇ خىل مۇراسىملار ئۆرپ ـ ئادەت سۈپىتىدە ئېتىقاد ئادەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ھاسىل قىلىدۇ. بۇ مۇراسىملار ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىك بىلەن ئىجتىمائىي دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ مۇرەككەپ، كۆپ خىل ئېتنىك قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. قىسقىسى ئۇ، ئىنسان ھاياتىدا باشتىن كەچۈرگەن ھەر خىل مۇراسىم ئادەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ماقال ـ تەمسىللەر دائىرىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى ماقال ـ تەمسىللەر ئىخچام، جانلىق ۋە ئوبرازلىق ھالدا ھەر خىل مۇراسىم ئادەتلىرى توغرىسىدىكى كۆز قاراش ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

(1) ئۆلۈم ـ يېتىم مۇراسىملىرى توغرىسىدا

ئۆلۈم ـ يېتىم ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولغان، ئەمما ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان قانۇنىيەتلىك ھادىسە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ماقال ـ تەمسىللىرىدە بۇ ھادىسىگىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بەرگەن. مەسىلەن: «جان بار يەردە قازا بار»، «ئۆلگەندە يىغلىغۇچە، ئۆلمەستە سەۋەب قىل»، «ئۆلۈمنىڭ چوڭىمۇ ئۆلۈم، كىچىكىمۇ ئۆلۈم».

يۇقىرىقى ماقال ـ تەمسىللەردە ئۆلۈم ـ يېتىم توغرىسىدىكى قاراشلار ئىخچام تىللار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم توغرىسىدىكى تەجرىبىلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

(2) توي ـ تۆكۈن مۇراسىملىرى توغرىسىدا

توي ھەر قانداق ئىنسان ھاياتىدا ئۆتكۈزۈلىشكە تېگىشلىك مۇراسىملارنىڭ بىرى بولۇپ، مۇستەھكەم، ئىناق ئائىلە قۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ھەم ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى «توي»دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مۇراسىمنى ماقال ـ تەمسىل تەرىقىسىدە خۇلاسىلەپ بەرگەن. مەسىلەن:

«تويدىن يامانلىساڭ، توي قىلىپ باق»، «تويغا بارساڭ بۇرۇن بار، بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار»، «تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار»، «توي نەغمە ـ ناۋا بىلەن، ئۆلۈم يىغا ـ زارە بىلەن». يۇقىرىقى ماقال ـ تەمسىللەردە توي مۇراسىمى توغرىسىدىكى ھەر خىل بولمىغۇر ئىللەتلەر يۇمۇرلۇق تىل بىلەن قاتتىق قامچىلانغان.

## 3) ئىجتىمائىي كەسىپي گۇرۇھقا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر

سىنىپىي جەمئىيەت بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ئورۇقداشلىقنى بىرلىك قىلغان يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى كەڭ ئىدى. ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە كۆچكەندىن كېيىن سىنىپىي جەمئىيەتتە بولىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر يېزا ـ قىشلاق ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي كەسپىي گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى بارلىققا كەلدى. خەلق تەشكىلاتلىرى ئىنتايىن كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى، ھەۋىسى، ياخشى كۆرۈش ۋە مەلۇم ئېھتىياجدىن كېلىپ چىققان بىر خىل تەشكىللىك پائالىيەت گەۋدىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئارىسىدا ياخشى كەسىپنى كۈيلەيدىغان ۋە يامان ئادەتنى تەنقىد قىلىدىغان ماقال ـ تەمسىللەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن:

«ئەسكىلىك قىلاي دېسە، ئېشەك تېزىكى دالدا بولار»، «بەگنىڭ خۇيى ئىتتىن يامان»، «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك»، «ئاتا كەسپىنى تاشلىغان، گەجگىسىنى قاشلىغان»، «ئالدىڭ ـ پۈتتى، ساتتىڭ ـ يۈتتى»، «بار تاۋىقىم ـ يان تاۋىقىم، بولمىسا ئارىدا سۇن تاۋىقىم»، «باققالنىڭ ئالدى ياخشى، قاسساپنىڭ كەينى»، «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە»، «پۇل دۈشمەننى دوست قىلار، دوستنى دۈشمەن قىلار».

يۇقىرىقى ماقال ـ تەمسىللەردە بىر تەرەپتىن يامان ئىللەت، ناچار قىلىقلارنىڭ خاراكتېرى، ھەرىكەت ئۇسۇللىرى ئېچىپ تاشلىنىپ، ئاقىۋىتى پاش قىلىنغان بولسا، يەنە

بىر تەرەپتىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلىلەرنىڭ ھەر خىل بولىدىغانلىقى ھەم ئۇنىڭغا توغرا پوزىتسىيە تۇتۇش لازىملىقى دەۋەت قىلىنغان.

## 3. مەنىۋى فولكلور

خەلق ئىچىدىكى ئېتىقاد خاراكتېرلىق ئادەتلەرنى ئادەتتە مەنىۋى ئادەت دەپ ئاتايمىز. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئېتىقاد ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا شەكىللىنىدىغان ھادىسىدۇر. مەنىۋى ئادەتلەرنى تەتقىق قىلىش فولكلور تەتقىقاتىدىكى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولغان بىر ساھە. نۆۋەتتە مەنىۋى ئادەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا شۇ نەرسە ھېس قىلىندىكى، مەنىۋى ئادەتلەر داۋاملىق ھالدا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شۇ ئادەتلەرنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ئادەتلەر ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرمۇ ھەمىشە دېگۈدەك مەنىۋى ئادەت تۈسىدە ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مەنىۋى ئادەتلەر ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ ئەكس ئېتىشى ياكى ئۇ جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بىلەن تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئالاھىدە ئىپادىلەنگەن شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەنىۋى فولكلور ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ئىنتايىن كۆپ. شۇنداقتىمۇ بىز تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئائىت ماقال – تەمسىللەرنى دىنغا ئائىت ماقال – تەمسىللەر ۋە ئەخلاققا ئائىت ماقال – تەمسىللەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىمىز.

### 1) دىنغا ئائىت ماقال – تەمسىللەر

دىن – ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە سىستېمىسىز، مەزمۇنى ئاددىي، مۇكەممەل بولمىغان، كۆپ خۇدالىق ئىستىخىيىلىك دىنلار بارلىققا كەلگەن بولسا، سىنىپىي جەمئىيەتكە كەلگەندە سىستېمىلىق، بىر پۈتۈن مەزمۇنغا ئىگە، ئىجتىمائىي خاھىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان دىنلار بارلىققا كەلدى.

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار ئۆز تارىخىدا تۇتېمىزم، شامان دىنى، زەردۇشت دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلدى. مانا بۇ ھالەت خەلق ئارىسىدا دىنغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ماقال – تەمسىللەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. مەسىلەن:

«ئاتا – ئانا دۇئاسى ئوتقا، سۇغا پاتۇرماس»، «موللا بولماق ئاسان، ئادەم بولماق قىيىن»، «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما»، «نادان ئەلنىڭ ھارامدىن موللىسى بولۇر»، «ھەممە ئىشنى موللا بىلۇر، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيۇر».

يۇقىرىقى ماقال – تەمسىللەردە بىر تەرەپتىن موللىلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى پاش قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر مىللەتتە خۇراپاتلىق قانچىكى كۈچلۈك بولسا نادانلىقمۇ شۇ دەرىجىدە ئېغىر بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەت ئىخچام سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

### 2) ئەخلاققا ئائىت ماقال – تەمسىللەر

خەلقىمىز تارىختىن بۇيان مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئەخلاق مىزانلىرى ئارقىلىق باشقا مىللەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر خەلق ماقال – تەمسىللىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى نامايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئەخلاق – ئادەم زىننىتى»، «ئەدەبنى ئەدەبسىزدىن ئۆگەن»، «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە بەر»، «پۇل يىغقان باي ئەمەس، نەپسىنى يىغقان باي»، «تەربىيە باشتا قاتتىق بولسا، ئاخىرى تاتلىق بولۇر»، «نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق.»

دېمەك، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا توپلىغان تەجرىبە – ساۋاقلىرىنى قىزىقارلىق تىلى ئارقىلىق ئىخچاملاپ ئەخلاق توغرىسىدا خىلمۇخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئەدەب – ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەشتە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ماقال – تەمسىللەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلق ماقال – تەمسىللىرى قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ قامۇسى سۈپىتىدە كىشىلەرنى مول ئىجتىمائىي بىلىم ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي – پەزىلىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مىللىي ئەنئەنىمىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ، ئەمگەكچان خەلقىمىزنىڭ ئەقىل – پاراستى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى جاھانغا جاكارلايدۇ.

ـــنىجات سابىت فوتوسى

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. ئابدۇكېرىم رەھمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 – يىل نەشرى.

2. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 – يىل نەشرى.

3. ئوسمان ئىسمائىل:«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى.

4. مۇھەممەد رەھىم :«ئۇيغۇر خەلق ماقال – تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 – يىل نەشرى.

5. «يەكەن خەلق ماقال – تەمسىللىرى»، يەكەن ناھىيىلىك «ئۈچ توپلام» نى تەييارلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تۈزۈپ باستۇرغان، 1989 – يىل نەشرى.


---


ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىللەتلەر تىل – يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى باشلىقىنىڭ مۇئاۋىنى، كاندىدات تەتقىقاتچى

www.uyghurkitap.com



# «ئىز ۋە ئۆلكە» ت. ئېلىيېف تەتقىقاتىدىكى ئېسىل ئەسەر

ئابدۇسالام توختى

2002 ـ يىلى دېكابىردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن تەتقىقاتچى، ئوبزورچى قاۋسىلقان قامجانىڭ مەخسۇس تېيىپجان ئېلىيېف ئەسەرلىرى ھەققىدە يېزىلغان «ئىز ۋە ئۆلكە» ناملىق تەتقىقات ئەسىرى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ ئەسەر قاۋسىلقان قامجانىڭ تېيىپجان ئېلىيېف ئەسەرلىرىنى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ ئۆگەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق ئويلىنىپ، جاپالىق ئىزدىنىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، زور مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن ھارماي ـ تالماي قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىسىدۇر. مەن «ئىز ۋە ئۆلكە» ناملىق بۇ ئەسەرنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم ۋە بەكمۇ خۇشال بولدۇم. چۈنكى ئۇ بىرىنچىدىن، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سەركەردىسى، بايراقدارى، يېڭى دەۋرىمىز ۋە بەختىيار ھاياتىمىزنىڭ ياڭراق كۈيچىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ پەخرى، جامائەت ئەربابى، سۆيۈملۈك شائىرى تېيىپجان ئېلىيېف ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ، ئۇنى چاقناپ تۇرغان قىممەتلىك مەرۋايىتتەك روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى؛ ئىككىنچىدىن، قاۋسىلقان بۇ ئىلمىي ئەسىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ، جۈملىدىن قازاق خەلقىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە، خەلق شائىرى تېيىپجان ئېلىيېفقا بولغان چوڭقۇر قېرىنداشلىق مۇھەببىتى ۋە ئىككى مىللەتنىڭ بۇزۇلماس مۇستەھكەم دوستلۇقىنى، ئۆزئارا ھېسداش، يۆلەكداش، دىلداش، تىلداش، مەسلەكداش مىللەتلەر ئىكەنلىكىنى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلىدى. شۇڭا بىز قاۋسىلقان قامجاننى ھەم قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقاتچىسى دەپ ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز. ئۇنى ئۇيغۇر ۋە قازاق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى بىر ـ بىرىگە مۇستەھكەم باغلاشتا زور كۈچ چىقارغان ۋە كۈچ چىقىرىۋاتقان مېھر ـ مۇھەببەت ئەلچىسى دېيىشكە ھەقلىقمىز؛ ئۈچىنچىدىن، قاۋسىلقان قامجان شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ شېئىرىيەت تەتقىقاتى جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان تۆھپىكار تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەسەر يېزىپ، كىشىلەرنى قايىل قىلغان ۋە ئۆز كەسىپداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان تەتقىقاتچىدۇر.

قاۋسىلقان ئۆز ئانا تىلى بولغان قازاق تىل ـ ئەدەبىياتىنى پۇختا بىلىش بىلەنلا قالماي، ئۇيغۇر تىلىنىمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىمۇ پۇختا بىلىدىغان قوش تىللىق تەتقىقاتچىدۇر. شۇڭا ئۇ قازاق تىلىدا «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان قازاق ئەدەبىياتى»، «ئەمەلىي يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»، «يېزىقچىلىقنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىملىرى»، «سۇلتان جانبولاتوپ ۋە ‹ئېلىجاۋ كونبىي› رومانى»، «تۆل ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «قازاق ئەدەبىياتىدىن كونسۇلتاتسىيە» قاتارلىق بىر مۇنچە يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇر تىلىدا «تېيىپجان ئېلىيېف تەتقىقاتى»، «ئىز ۋە ئۆلكە»، «ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئويلار»، «ئىزدىنىش»، «قەلەم ۋە قەدەم»، «ئۈمىد»، «ئەدەبىي ئەسەر ۋە بەدىئىي زوق» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى يازدى ۋە نەشر قىلدۇردى، «تېيىپجان ئېلىيېف ئەسەرلىرى»نىڭ بىرىنچى تومىنى نەشرگە تەييارلىدى ۋە نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدا يېزىلغان ھەم نەشر قىلىنغان كىتابى 14 بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز كىتاب ئۇيغۇرچە، ئالتە كىتاب قازاقچە)، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ كەڭ جامائەتچىلىك ئىچىگە تارقىتىلدى. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى، مەسىلەن: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە»، «ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۈمىدلىك ياش كۈچلىرى»، «‹ئىلى دولقۇنلىرى› رومانىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى»، «باشباي ۋە باشباي رومانى»، «لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمى» قاتارلىق 300 پارچىغا يېقىن تەتقىقات ماقالىسى ۋە ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «مىللىي ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك»، «تاڭچارىق ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى»، «تېيىپجان ئېلىيېف شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن

پەلسەپىۋى كۆز قاراشلار» قاتارلىق ئون پارچىغا يېقىن تەتقىقات ماقالىسى خىتاي تىلىدا ئېلان قىلىنغان. قاۋسىلقان قامجاننىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يىرىك تەتقىقات ئەسەرلىرى نەچچە يۈزلىگەن ئىلمىي ئەسەر ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدا يازغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە ئەتراپلىق يېتىلگەن ئىقتىدارغا ئىگە تەتقىقاتچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، 1950 ـ يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ 1970 ـ يىللاردىن بۇيان بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر شائىر ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر جامائەت ئەربابى تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچىلىرى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىرى يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات ماقالىلىرىدىن بىر مۇنچىنى ئېلان قىلدى. مەسىلەن: ئۆزىنىڭ تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە ئەدەبىي ئوبزورلىرى بىلەن جامائەتچىلىك ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان تالانتلىق ئوبزورچى مۇھەممەد پولاتنىڭ «ساتىرامىزنىڭ ياخشى نەمۇنىسى» دېگەن ماقالىسى («تارىم» ژۇرنىلى 1979 ـ يىل 5 ـ سان)، ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى» دېگەن ماقالىسى («تارىم» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىل 1 ـ سان)، ئەدەبىياتشۇناس، پروفېسسور ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتاننىڭ «بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىل نەشرى)، كۆزگە كۆرۈنگەن ئوبزورچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «قىممەتلىك مىراس» ناملىق ماقالىسى («تارىم» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان) قاتارلىق ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى مەشھۇر شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەسەرلىرى ھەققىدە يازغان ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك مىساللىرىدىن ئىبارەت، خالاس.

ئەگەر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتى تەتقىق قىلىنمىغان بولسا، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تەتقىقاتىدا چوڭ بىر بوشلۇق قالغان بولاتتى. چۈنكى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتى تەتقىقاتىنى زۇنۇن قادىرى، زوردۇن سابىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مەمتىمىن ھوشۇر، ئەخەد تۇردى، ئابدۇرەھمان قاھار، ئەخەت ھاشىم، مۇھەممەد باغراش، نۇرمۇھەممەت توختى، خالىدە ئىسرائىل قاتارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىغاندەك، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تەتقىقاتىنىمۇ تېيىپجان ئېلىيېۋ، نىمشېھىت، مۇھەممەد رەھىم، رەخىم قاسىم، مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇكېرىم خوجا، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان بارات، بۇغدا ئابدۇللا، مۇھەممەتجان راشىدىن، روزى سايىت، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىق شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى تەتقىقاتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى كەڭ تۈردە يولغا قويۇش ـ تەتقىقاتچىلىرىمىز، ئوبزورچىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپە.

گەرچە مەشھۇر شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە تەتقىقاتچىلىرىمىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بىرمۇنچە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوبزورلارنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئائىت بىر قەدەر ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان مەخسۇس بىر ئەسەر تېخىچە بارلىققا كەلمىگەنىدى. شۇڭا 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سەركەردىسى، بايراقدارى، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە زور تەسىرگە ئىگە پەزىلەتلىك شائىر، ھۆرمەتلىك جامائەت ئەربابى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئىقتىدارلىق رەھبەر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى، ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، چوڭقۇر تەتقىقاتنى يولغا قويۇش ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىڭ، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى بولۇپ قالغانىدى. مانا شۇ مۇھىم ۋەزىپىنى سەپداشىمىز، كەسىپدىشىمىز، تەتقىقاتچى قاۋسىلقان قامجان ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ «تېيىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتى»، «ئىز ۋە ئۆلگە» ناملىق نادىر كىتابلىرى، شۇنىڭدەك كۆپلىگەن تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى ۋە چىقماقتا.

بۇ يەردە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ھازىرغىچە مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى تېيىپجان ئېلىيېۋ ھاياتى، ئىجادى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى، ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئەسەرلىرىنىڭ تىلى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە قىممىتىنى، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىكى، مەملىكىتىمىزدىكى ۋە خەلقئارادىكى تەسىرىنى مۇنداق مۇكەممەل، تولۇق، سىستېمىلىق، مۇنداق ئەتراپلىق، تەپسىلىي، چوڭقۇر، ئىلمىي، ئادىللىق، ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەتقىق قىلغان تەتقىقاتچى ۋە مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى بارلىققا كەلمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنداق تەتقىقاتچى بارلىققا كەلدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسى، تېيىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتشۇناسى، بىزنىڭ قازاق تەتقىقاتچى قېرىندىشىمىز، دوستىمىز قاۋسىلقان قامجاندۇر ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەسىرى «ئىز ۋە ئۆلگە» دۇر. بۇ ئەسەر قاۋسىلقان قامجاننىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان تەتقىقات زېمىنلىرىغا تەكىپ، جاپالىق تەر تۆكۈپ ئۆستۈرگەن كۆچەتلىرىنىڭ بۈك ـ باراقسان مېۋىزار باغ بولۇپ، خەلقىمىزگە ئاتا قىلغان شېرىن مېۋىسىدۇر. قاۋسىلقاننىڭ نەتىجە ۋە تۆھپىلىرى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۇ «ئىز ۋە ئۆلگە» ناملىق كىتابى ۋە باشقا تەتقىقات ماقالىلىرى، ئوبزورلىرى ئارقىلىق تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەسەرلىرىنىڭ تەتقىقات مۇنارىنى تىكلىدى، تەتقىقات ساھەسىدە بىر چوڭ تۆھپە ياراتتى. ئۇ شىنجاڭ جەمئىيىتىدە «تېيىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتى» دېگەن بىر ئىلىمنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خۇددى «لۇشۈن تەتقىقاتى» دېگەن ئىلىم ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر چوڭ تۆھپىدۇر. بۇ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىقى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقى ساھەسىدىكى دەۋر ئېھتىياجىغا لايىق بولغان چوڭ بىر يېڭىلىق ۋە چوڭ بىر ئىجادىيەت.

قاۋسىلقان قامجاننىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرى، ئوبزورلىرى سان جەھەتتە كۆپ بولۇش بىلەن بىللە سۈپەت جەھەتتىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ھەتتا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭمۇ قىزغىن ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ئۇ يازغان «تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى قاراشلار»، «غەلىبىلىك قەدەم ۋە ئىجادىي ئىزدىنىش»، «قىسقا ھېكايىلەرنىڭ رولى ۋە قىممىتى»، «مىكرو ھېكايە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى»، «‹شىۋىرغانلىق بېكەت› ۋە ‹ئىلجاۋ كۈنبىي› رومانلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» قاتارلىق بىر مۇنچە ئەسەرلەر ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ماقالىلەرنى باھالاشتا بەش پارچە ماقالىسى 2 ـ ۋە 3 ـ دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى جانابىل قاۋسىلقاننى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭغا: «سەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بىر ئۆمۈر پۇختا ئۆگىنىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ئۇنى تەتقىق قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە خېلى زور تەسىر قوزغىدىڭ. بۇ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئالاھىدە قەدىرلەشكە تېگىشلىك بىر خىسلەتتۇر» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن. 1998 ـ يىلى يازدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت قاۋسىلقاننى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭغا: «قاۋسىلقان، سەن بىز ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدىڭ، بۇنى ئۇيغۇر خەلقى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، تۆھپىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرنال ۋە رادىئولىرىدا

www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ يەنە قازاقىستاندا چىقىدىغان «شالقار» ناملىق خەلقئاراغا ئاشكارە تارقىتىلىدىغان نوپۇزلۇق گېزىتتە ئېلان قىلىنغان «تەتقىقاتچى» دېگەن ماقالە ئارقىلىق ۋە قازاقىستاندا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «دىدار» ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەھەتتىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك مول نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىلگەن.

تېيىپجان ئېلىيېۋ تېخى 60 ياشقىمۇ توشمىغان قىسقىغىنا ھاياتى جەريانىدا ۋەتىنىمىز، مىللىتىمىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆلمەس ئاجايىپ ئېسىل ئىجادىي ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغان مول ھوسۇللۇق ئوت يۈرەك شائىر ئىدى. ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە، ھەتتا جۇڭگو ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە مول ۋە قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلار، ئېسىل مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىكار ۋەكىلى دېيىشكە ھەقلىقمىز. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 20 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ رېئال ھاياتى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى شادلىقى، بەخت ـ سائادىتى، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرى، ئىدىيىۋى ئەخلاق ـ پەزىلىتى، يېڭى دەۋردىكى روھىي ھالىتى، يېڭى دەۋرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن نۇرلۇق ئەينەك ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرى ئۆزىگە خاس يېڭى پىكىر، يېڭىچە مەزمۇن، يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە شەكلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئارۇز ۋەزنىلىك ۋە بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلارنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان ئۇستاز شائىر ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان «تۈگىمەس ناخشا» قاتارلىق شېئىرلىرى مىسال بولالايدۇ. تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدا خەلقىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان، ئىنسان قەلبىگە ئاجايىپ بەدىئىي زوق بېغىشلايدىغان چوڭقۇر مەزمۇنلار، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر، يېڭى ـ يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، خەلقچە چۈشىنىشلىك، يېقىملىق، چوڭقۇر مەنىلىك ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىپادە قىلىنغان. ئۇنىڭ شېئىرىي مىسرالىرى خۇددى خوتەن قاشتېشىدەك ئېسىل، قاش دەرياسىنىڭ سۈيىدەك جۇشقۇن، تاغ بۇلاقلىرىدەك سۈپسۈزۈك ۋە يېقىملىق بولۇپ، رەڭدار مەرۋايىتلاردەك چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى زور بولۇپ، ھەرقانداق ئوقۇرمەننىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ، قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ ۋە تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئوقۇرمەننىڭ بۇ شېئىرلارنى ئوقۇغانچە ئوقۇغۇسى كېلىدۇ. قەلبى ئىنتايىن ھوزۇرلىنىدۇ. خۇددى يۇرتىمىزنىڭ شېرىن ـ شەربەت مېۋىلىرىنى يېسە ـ يېسە يېگۈسى كەلگەندەك، ھوزۇرلانغانچە ھوزۇرلانغۇسى كەلگەندەك.

ھوسۇللۇق تەتقىقاتچى قاۋسلقان ئۆزىنىڭ «ئىز ۋە ئۈلگە» ناملىق بۇ ئەسىرىدە تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ پۈتكۈل ھاياتى، پۈتكۈل ئىجادىي پائالىيىتى، ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى ۋە قىممىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق ۋە كەڭ توختىلىپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ۋە يۈرەك قېنىنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بېغىشلىغان مەشھۇر شائىر ئىكەنلىكىنى نۇقتىلىق ھالدا بايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتلەردىمۇ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن، ناھايىتى كەم تېپىلىدىغان، ئەتراپلىق يېتىلگەن، كۆپ قىرلىق ئۇنىۋېرسال تالانت ئىگىسى، مول تەجرىبىگە ئىگە ئەدەبىيات ئالىمى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭدەك ياشلارنى، ياش قەلەم ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئۇستاز، يولباشچى ئەـ كەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ نامى كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرلىرى ل. مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، ئەھمەد زىيائىي ۋە ئاتاقلىق قازاق شائىرى تاڭجارىقلار قاتارىدا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە. قاۋسلقان ئۆزىنىڭ «تېيىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتى»، «ئىز ۋە ئۈلگە» ناملىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق تېيىپجان ئېلىيېۋ نامىنى تېخىمۇ تونۇلتتى ۋە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ئادىللىق بىلەن دەل جايىدا باھا بېرىپ، قەدىر ـ قىممىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. شۇڭا «ئىز ۋە ئۈلگە» ناملىق بۇ كىتابنى ئوقۇغان بارلىق ئوقۇرمەن بەكمۇ خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرمەكتە. قاۋسلقاننىڭ ئادىل، ئىقتىدارلىق بىر تەتقىقاتچى ئىكەنلىكىگە ھەققەتەن قايىل بولماقتا. جۈملىدىن مەنمۇ ئىنتايىن خۇشال بولماقتىمەن.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ كىتابقا «ئىز ۋە ئۈلگە» دەپ ماۋزۇ قويۇشتىمۇ بىر خىل ماھارەت ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەر چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەنى ئۇ بىرىنچىدىن، تېيىپجان ئېلىيېۋ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭىچە بىر «ئىز» سېلىپ بەرگۈچى ئۇستاز شائىر دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ گۈللىنىۋاتقان دەۋرىدىكى بىر پارلاق «ئۈلگە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاپتورغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ بىرىنچىدىن، تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم «ئىز» سالغان تەتقىقاتچى ئىكەنلىكىنى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، «ئۈلگە» ياراتقان تۆھپىكار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

قاۋسلقان قامجاننىڭ نەچچە ئون يىللىق جاپالىق ئەمگىكى ۋە تەتقىقاتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىسى بولغان «ئىز ۋە ئۈلگە» ناملىق بۇ كىتابىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىممىتى ئاپتورنىڭ بۇ كىتاب ئارقىلىق «تېيىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتى» دېگەن يېڭىچە ئىلمنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە تېيىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتىغا ئائىت بولغان بىر چوڭ بوشلۇقنى تولدۇرغانلىقىدا. مېنىڭچە، بۇ كىتاب ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك تېيىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى پايدىلىنىش قوللانمىسى بولالايدۇ. «ئىز ۋە ئۈلگە» ناملىق بۇ كىتابنى مېنىڭچە، تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەسەرلىرى تەتقىقاتى ئۈچۈن تىكلەنگەن بىر خاتىرە مۇنار، دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى كەسپداشلار، ئەدىبلەر ۋە شىنجاڭدىكى كەڭ جامائەتچىلىك قابىل تەتقىقاتچى قاۋسلقان قامجاننىڭ «ئىز ۋە ئۈلگە» ناملىق مۇشۇنداق بىر ئېسىل ئەسەرنى يازغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنى مۇبارەكلەيدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا سەممىي تەشەككۈرىمنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى مۇشۇ ئاددىيغىنا ماقالەم ئارقىلىق قىزغىن تەبرىكلەيمەن. قازاق قېرىندىشىمىز، قەلەمدىشىمىز قاۋسلقانغا مۇبارەك بولغاي!

ئەگەر خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى تېيىپجان ئېلىيېۋ ھېلىمۇ ھايات بولۇپ، «ئىز ۋە ئۈلگە» ناملىق بۇ كىتابنى ئوقۇغان بولسا، نەقەدەر خۇشال بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى ـ ھە؟!...

2004 ـ يىل 25 ـ مارت، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ سابىق باشلىقى، باش مۇھەررىرى، ئالىي مۇھەررىر، پەخرىي دوكتور، ھازىر پېنسىيىدە



# تاشتىن گۈل ئۈنۈپ چىقتى

ئىززەت ئابدۇرەھمان

بەزىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىغا ئېيتقان بىر ـ ئىككى ئېغىز ئىلھاملاندۇرۇش ۋە ماختاش سۆزىمۇ شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان قىممەتلىك دەستۇرغا ئايلىنىپ قالىدىكەن.

مەن دەرس بېرىدىغان 5 ـ يىللىقتا روزى ئىسىملىك بىر بالا بولۇپ، ئۆزىنىڭ كەيپسىزلىكى، دەرستە ناچارلىقى، ئىنتىزامىنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقى، تازىلىقىنىڭ ناچارلىقى، ئاتىكاچىلىقى بىلەن مەكتەپتە مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭدىن زارلانمايدىغان ئوقۇتقۇچى ھەم ئوقۇغۇچى يوق ئىدى.

مەن بۇ بالىغا ئەزەلدىن دىققەت قىلمايتتىم ھەم ئۇنىڭغا ئارتۇقچە زېھنىمنى چېچىپ ئاۋارە بولۇشنىمۇ خالىمايتتىم. مېنىڭ دەرسىمدە دىققىتىمنى ھەر قانچە چېچىشقا ھەمدە مېنى تېرىكتۇرۇشكە شۇنچە ئۇرۇنسىمۇ ئۇنىڭغا ئارتۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلغۇم كەلمەيتتى. مېنىڭ دەرسىمگە قەستەن يېرىم سائەتلەپ كېچىكىپ كىرەتتى، شۇنداقتىمۇ گەپ قىلماي، ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلاتتىم.

بىر كۈنى 6 ـ سائەتلىك دەرسىمدە يەنە شۇ روزىنىڭ سىنىپىغا دەرسكە كىرىشكە تەمشىلىۋاتاتتىم. مەكتەپ رەھبەرلىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئەتە يۇقىرىدىن مەكتىپىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىدىغانلىقىنى، بۈگۈنكى مۇشۇ 6 ـ سائەتلىك دەرستە شۇ دەرس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بالىلارغا ئەتىكى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىدىغان تەييارلىقلارنى جىددىي ئۇقتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

مەن سىنىپقا كىرىپ دەرسىمنى ئۆتۈشتىن بۇرۇن بالىلارغا ئەتە مەكتىپىمىزگە تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش، قانداق تەييارلىق قىلىپ كېلىش كېرەكلىكىنى جىددىي ئۇقتۇردۇم ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ئوبرازى بىلەن تەكشۈرگۈچىلەرگە ئىجابىي تەسىر بېرىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە قايتا ئەسكەرتىپ ئۆتتۈم. گېپىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا روزى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «ئەتە سەھەر چوقۇم چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى ئۆيدە ئوبدان قىلىپ، تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ ـ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا تەرەتخانىغا چىقالماي قىسىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك» دېدى.

مەن تەئەججۈپلەنگىنىمدىن تۇرۇپلا قالدىم. ئەجەبا، مەن بۇنى ئويلاشماپتىمەنا. ھەر قېتىم مەكتىپىمىزگە تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلگەندە مەكتەپنىڭ تەرتىپى قالايمىقانلىشىدۇ دەپ، ئوقۇغۇچىلار تەرەتخانىغا چىقىش، تەنەپپۇس قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىناتتى. گەرچە بۇ قارىماققا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتالمايدىغان كىچىك ئىش بولسىمۇ، ماھىيەتتە تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ ـ كەتكىچە تۆت سائەتلەپ سىنىپتا قىسىلىپ ئولتۇرۇش بالىلارنىڭ سالامەتلىكى ھەمدە كەيپىياتىغا

زور بىسىم پەيدا قىلاتتى. مەن دەرھال ئىسمىنى يىغىپ: «روزى توغرا ئېيتىدۇ. ئەتە ئىمكان بار سىرتقا ئاز چىقىڭلار، مەن بايا بۇنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. روزى ناھايىتى ئەقىللىق ھەم ئىنكاسى تېز بالىكەن، مۇئەللىم ئويلىيالمىغان ئىنچىكە نۇقتىلارنى ھېس قىلالايدىكەن» دەپ قوشۇپ قويدۇمدە، دەرسىمنى باشلاپ كەتتىم. دەرس ئۆتۈش داۋامىدا روزىغا قايتىدىن تەپسىلىي قاراپ چىقتىم. گەرچە ئۇنىڭ ئۇستىۋېشى رەتسىز بولسىمۇ، باياتىنقى سۆزلىرىمدىن ھاياجانلانغانلىقى نۇرلانغان بىر جۈپ كۆزىدىن چىقىپ تۇراتتى. بۇ ماڭا ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ماختاش سۆزى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ تەشنالىقىغا قېنىپ باقمىغان سەبىي ھەم سۇنۇق قەلبىنى ئېچىپ بەردى. روزىنىڭ بۇ بىر سائەتلىك كەيپىياتى تولىمۇ ياخشى بولۇپ، ئۆزىمۇ سىنىپتا ئىنتايىن مەغرۇر ئولتۇردى، بالىلارمۇ ھەيران قالغىنىدىن پات ـ پات ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى (روزىنى بىرەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ماختاپ باققىنى مۇشۇ تۇنجى قېتىم بولسا كېرەك).

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنغاندا مەن روزىنىڭ بۈگۈنكى دەرستىكى ئىنتىزامى ۋە ئىپادىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولغانلىقىنى، ھەممە ساۋاقداشلارنىڭ روزىدىن ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، روزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىملىق دەرسىمدە ئۇنىڭ مەن بايقىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئاساستا بىرەر ئىشقا باھانىلاپ ئۇنى بىرەر قېتىم ماختاپ قويىدىغان بولدۇم. روزىدىكى كۈندىن كۈنگە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر كىشىنى ھەقىقەتەن سۆيۈندۈرەتتى. ئىككىمىز تېخى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭلىشىدىغان بولدۇق.

بىر كۈنى دەرسىمنىڭ ئاخىرىدا دەرس مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ بالىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، غايىسى ھەققىدە قىسقىغىنە مۇزاكىرە ئېلىپ باردىم. ئوقۇغۇچىلاردىن بىر ـ ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان، غايىلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندىن كېيىن نۆۋەت روزىغا كەلدى. روزى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىدە ئەزەلدىن گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمان ۋە كەلگۈسىگە نىسبەتەن يۈكسەك غايىلەرنىڭ بولۇپ باقمىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنداق خىياللارنى قىلىشنىمۇ خالىمايدىغانلىقىنى، باشلانغۇچنى پۈتكۈزۈپلا مەدىكارلىق، مايلامچىلىق قىلىپ ئۆيدىكىلەرنى بېقىشنىلا ئويلاپ كەلگەنلىكىنى، مانا ئەمدىلىكتە (ئوقۇتقۇچىنىڭ ماختاش ھەمدە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىدى) ئۆزىدە ھەر قانچە قىينالسىمۇ ئوقۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسىدە بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ھەر جەھەتتە ئۆزىگە ئوخشاش ناچار بالىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئازراق، ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆپرەك كۆزىتەلەيدىغان بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇش ئارزۇسىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنتايىن جاراڭلىق قىلىپ سۆزلىدى. روزىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ يۈزلىرىم قىزىرىپ كەتتى.

ئاغزىمنى تاتلىق سۆزلەر بىلەن بىر ـ ئىككى قېتىم ئارتۇق مىدىرلىتىپ قويۇشۇمنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، قەددىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بىر سەبىينىڭ قەلبىدە مۇنداق بىر گۈزەل، يۇمران چېچەكنىڭ بىخلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغان سۇ بولۇپ قېلىشىمنى چەكسىز ئۆكۈنۈش ئىچىدە ھېس قىلدىم. شۇڭلاشقىمىكىن، چەت ئەللەر ماقالىلىرىدىن ئۆزۈم تەرجىمە قىلغان تۆۋەندىكى ئىككى پارچىنى كەسىپداشلىرىمنىڭ ئوقۇپ تەھلىل قىلىپ، پايدىلىنىپ بېقىشىغا سۇندۇم.

بىر يېزىدا كىچىك بىر بالا بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ئات كۆندۈرگۈچى ئىكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ يېزا ـ قىشلاق، يايلاق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ئاتىسىنىڭ ئات كۆندۈرۈشىنى كۆرۈپ چوڭ بوپتۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، بىر قېتىملىق ئەدەبىيات دەرسىدە ئوقۇتقۇچى بالىلارغا كەلگۈسىدىكى غايىسى ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يېزىشنى تاپشۇرۇپتۇ. شۇ ئاخشىمى بۇ بالا چەكسىز ھاياجان ئىچىدە يەتتە بەت ماقالە يېزىپتۇ. ئۇ ماقالىسىدە: ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە ئىنتايىن چوڭ بىر ئات كۆندۈرۈش مەيدانى ھەم بىپايان يايلىقى، يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بىر داچىسى بار ئات كۆندۈرۈش مەيدانىنىڭ خوجايىنى بولىدىغانلىقىنى يېزىپ، ماقالىسىنىڭ ئاخىرىسىغا كەلگۈسىدىكى ئات كۆندۈرۈش مەيدانى، يايلاق، يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ھەشەمەتلىك داچىنىڭ خەرىتىسىنى تەپسىلىي سىزىپ چىقىپتۇ. ئۇ ماقالىسىنى ئەتىسى ئوقۇتقۇچىسىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ ماقالىسىنى كۆرۈپلا قىزىل قەلەم بىلەن يوغان قىلىپ «لاياقەتسىز» دەپ باھالاپ، «دەرستىن چۈشكەندە ئىشخانامغا كىر» دەپ ماقالىنى بالىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. قەلبى چەكسىز گۈزەل ئىستەكلەرگە تولغان بۇ بالا ھېچ چۈشەنەلمەي مۇئەللىمدىن «ماقالەمنى نېمىشقا لاياقەتسىز باھالايسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

ئوقۇتقۇچى ئىنتايىن نارازى بولۇپ: «ئۆزۈڭ تېخى شۇنچە كىچىك، ئائىلەڭ شۇنچە نامرات تۇرۇپ ئاشۇنداق خام خىياللارنى قىلىۋاتامسەن؟ بۇنداق ئېسىل جاينى قانچىلىك پۇل خەجلەپ قۇرغىلى بولىدۇ، بىلەمسەن؟ سەن ئەڭ ياخشىسى ‹ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلايدىغان› ئەخمەقلىقنى قىلماي، تۈزۈكرەك، ئەقىلگە سىغىدىغان خىيالنى قىل. ئەگەر مەن دىگەندەك تاپتىن چىقمىغان ئارزۇلىرىڭنى قايتىدىن ماقالە قىلىپ يازساڭ نومۇرۇڭنى يۇقىرى كۆتۈرىمەن» دەپتۇ. بۇ بالا ئۆيىگە قايتىپ قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ ئاخىر ئاتىسىنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بوپتۇ. ئاتىسى ئۇنىڭغا: «بالام، بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، بۇنىڭغا ئۆزۈڭ قارار قىل» دەپتۇ. ئۇ ئەمدى ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئەسلىي ماقالىسىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بېرىۋېتىپ ئوقۇتقۇچىسىغا: «ماقالەمنى لاياقەتسىز قىلىۋەتسىڭىزمۇ مەن ئۆز غايەمدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن» دەپتۇ ھەمدە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆز غايىسىگە يەتمەي قويمايدىغانلىقىغا ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ توختىماي ئىزدىنىپتۇ.

ئارىدىن 20 يىل ئۆتۈپتۇ. چاچلىرى ئاقارغان بىر ئوقۇتقۇچى بىر توپ يېڭى ئوقۇغۇچىنى باشلاپ ھەشەمەتلىك داچىسى بار، نەچچە مىڭلىغان خىللانغان ئېسىل ئات يايلاپ يۈرگەن چەكسىز بىر يايلاقتا ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بىر ھەپتىلىك يازلىق لاگېر پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپتۇ.

www.oghuzkitap.com

شۇ چاغدا يايلاق خوجايىنى بىلەن بۇ چاچلىرى ئاقارغان ئوقۇتقۇچى ئۇچرىشىپ قاپتۇ ھەمدە بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى «خام خىيالى» نى مازاق قىلغانلىقى ۋە كەمسىتكەنلىكىدىن ئىنتايىن ئوڭايسىزلىنىپتۇ ھەمدە بۇ ئوقۇغۇچىسىغا: «باشقىلارنىڭ گۈزەل غايىلىرىڭگە چاچقان سوغۇق سۇيىگە پىسەنت قىلماي ئاخىر ئۆز غايەڭگە يېتىپسەن، مەن ساڭا ئىنتايىن قايىل بولدۇم» دەپتۇ.

دېمەك ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتماسلىق شۇ كىشىنى ئاخىرقى مەقسىتىگە يەتكۈزمەي قويمايدۇ. بەزىلەر باشقىلارنىڭ كەمسىتىشى ۋە تەنقىدىنى ئۆزىگە ئېتىلغان رەھىمسىز تاش دەپ قاراپ، بۇ تاشنىڭ زەربىسىدە يىقىلىپ كەتسە ھەرگىز ئورنىدىن تۇرالمايدىكەن. ئەمما يەنە بەزىلەر مۇشۇنداق ئۆزىگە قارىتىپ ئېتىلغان رەھىمسىز تاشلارنى تاپىنى ئاستىدا دەسسەپ تۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان پەشتاق قىلىدىكەن.

كېنت كوئېن ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەشھۇر پسىخولوگىيە ئالىمى. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى نۇرغۇن قېتىم خەلقئارالىق چوڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئۇ 2001 ـ يىلى سېنتەبىردە تەكلىپ بىلەن دۆلىتىمىزدىكى مەلۇم بىر ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەش مەركىزىدە مۇنداق بىر تەسىرلىك نۇتۇقنى سۆزلىگەن:

مەن كىچىكىمدە ئىنتايىن جېدەلخور، ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان، باشقىلارغا ئاۋارىچىلىق تېپىپلا يۈرىدىغان، ئۆچ ئېلىش ئىستىكى ئىنتايىن كۈچلۈك، ھەممە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بالا ئىدىم. شۇڭا قەلبىمدە باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ھەم كۆيۈنۈشىگە بولغان تەشنالىق خۇددى كىشىلەرنىڭ پەرۋەردىگاردىن كۈتىدىغان ئىلتىپاتلىرىغا بولغان تەشنالىقىدەكلا ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئۆزۈم يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا دائىم: «ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، ماڭا ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك ۋە ياخشىلىقنى ئاتا قىلغىن. مەنمۇ سىنىپتىكى ئىلغار ئوقۇغۇچىلاردەك ھەممە ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايدىغان، مۇئەللىمنىڭ تەنقىدىنى ئەمەس، ماختاشلىرىنى ئاڭلىيالايدىغان بالا بولالىغان بولسام» دەپ تىلەيتتىم. ئەمما پەرۋەردىگار مېنىڭ ئىلتىجالىرىمغا قۇلاق سالمايتتى.

مەن يەنىلا چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنىڭ ئۆچلىكى، بىزارلىقىنى قوزغايدىغان بالا پېتى قېلىۋەردىم. ھەتتا، مېنىڭ پاراكەندىچىلىكىمدىن بىزنىڭ سىنىپنى تۇتىدىغان مۇئەللىم چىقماي قالدى.

4 ـ يىللىققا چىققان چېغىمدا سىنىپىمىزغا مارىيە ئىسىملىك بىر ياش مۇئەللىمە كىرىپ كەلدى بۇ يېڭى مۇئەللىمە مۇنبەرگە چىقىشى بىلەنلا سىنىپنىڭ ئىچى خۇددى دولقۇندەك داۋالغۇپ كەتتى. ئۇ بەكلا چىرايلىقكەن ئەمەسمۇ؟! باللار ماڭا ئەگىشىپ ئىسقىرتىپ، چىرقىرىشىپ، كىتابلارنى ئېتىشىپ تورۇسنى كۆتۈرۈۋېتەيلا دەپ قالدۇق. بۇ ئوقۇتقۇچى باشقا ئوقۇتقۇچىلاردەك ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، كانايلىرى يىرتىلغۇدەك كاركىرىماستىن، ئەكسىچە، «تىنچلىنىڭلار» دەپ بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى. قىزىق ئىش، بۇ مۇئەللىمە بۇنداق چېچىلمىغانسېرى مەن شۇنچە زېرىكىشلىك، مەنىسىزلىك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مېنىڭ بىرلا قول ئىشارىتىم بىلەن باللار شۇ ھامان قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىقتى. مارىيە مۇئەللىم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆرۈلۈپ ئىسمىنى دوسكىغا يازماقچى بولۇۋېدى، ئۈستەلدە بور يوقلۇقىنى بىلىپ خۇددى بىزنىڭ بورنى قەستەن يوشۇرۇپ قويغان ئويۇنىمىزنى بىلىپ قالغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «قايسى ساۋاقداش ئوقۇتقۇچىسىغا بور ئەپكېلىپ بېرىشنى خالايدۇ؟» دېدى. مارىيە مۇئەللىمنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا سىنىپتا يەنە ئىسقىرتقان، چىرقىرىغان قالايمىقانچىلىق كۆتۈرۈلدى. نۇرغۇن ئوغۇل ئوقۇغۇچى مۇئەللىمگە بور ئەپكېلىپ بېرىشنى تالىشىۋاتاتتى. مارىيە مۇئەللىم باللارغا قاراپ: «تالاشماڭلار، مەن ئەڭ مۇۋاپىق بىر ئوقۇغۇچىنى ماڭا بور ئەپكېلىپ بېرىشكە كۆرستىمەن» دەپ ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن: «كېنت كوئېن، ماڭا بورنى سەن ئەپكېلىپ بەر» دېدى.

مەن: «نېمە ئۈچۈن مېنى تاللىدىڭىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا ئىنتايىن سەمىمىيلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ: «چۈنكى مەن سېنىڭ ئىنتايىن قىزغىن، تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغان ياخشى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىڭنى بايقاپ قالدىم» دېدى.

ئاھ! پەرۋەردىگارىم، مەن چۈش كۆرۈۋاتمايدىغاندىمەن. مەن قىزغىن، تەشكىللەش ئىقتىدارى بار، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىكەنمەن. ئەجەبا، بۇندىن ئىلگىرى ھېچكىم مېنى بۇنداق دەپ ماختاپ باقمىغاندىغۇ؟! ھەتتا ئەڭ كىچىك، ئەڭ كىچىك ئارتۇقچىلىقىمنىمۇ بىرەرسى ئاغزىغا ئېلىپمۇ قويمىغانتىغۇ؟!

شۇڭا مەن ئۆزۈمنى پەرۋەردىگارنى بىزار قىلغان، پەرۋەردىگار تەرىپىدىن تاشلىنىپ، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىچارە بالىدەك ھېس قىلاتتىم.

مەن ئېسىمنى يىغىپ، چاقماق تېزلىكىدە سىنىپتىن چىقىپ، سىنىپىمىزنىڭ كەينىدىكى چۆپلۈككە كۆمۈپ قويغان بور قېپىنى ئەپكىرىپ مۇئەللىمنىڭ قولىغا بەرگەن چېغىمدا، قوللىرىم لاي، يۈز ـ كۆزلىرىم قاسماق، ئىشتانلىرىم يىرتىلغان، قولاقلىرى سالپايغان بەتىنكەمنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ماراپ قالغان بارماقلىرىم مېنى تولىمۇ ئوسال قىلىۋەتكەنىدى. ئەمما مارىيە مۇئەللىم بۇلارغا دىققەتمۇ قىلماستىن، چېچىمغا چاپلىشىپ قالغان لايىنى ئېلىۋەتكەچ «رەھمەت ساڭا» دېدى تاتلىقىنە كۈلۈمسىرەپ.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك بالا ھېسابلايدىغان بولدۇم.

مارىيە مۇئەللىم پەرۋەردىگار ماڭا ئەۋەتكەن پەرىشتە ئىدى. ئەمدى مەن ئۆزۈمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ ياخشى ئوقۇشقا ئىنتىلىدىغان، ھەر جەھەتتىن باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان بالا بولۇشقا بەل باغلىدىم. چۈنكى بۇ پەرىشتە ھەر كۈنى ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

# نازۇك روھنىڭ پالۋانلار روھىغا مەدھىيە




نۇربىيە ياسىن

ھەقىقىي ئەركەكلەر مۇھەببەت ئۈچۈنلا ئەمەس، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يارالغان. ئەر ـ ئاياللىق مۇھەببەت سوۋىدا ياكى بۇ يولدا قۇل بولۇپ كەتكەن ئەرلەرنى ھەقىقىي ،ركەكلىك كاتېگورىيىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىن.

بىز ئۇيغۇرلاردا ئوغۇل بالىلىرىنى بوۋاق ۋاقتىدىن تارتىپ «ئەركەك بالام!»، «ھۇ ئەركىكىم!» دەپ ئەركىلىتىدىغان ئادەت بار. ئوغۇللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، چوڭلارنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك ئىش قىلسا «ئەركەكتە ـ مانا!»، «ئەركەكتەك ئىش قىلدىڭ، ئوغلۇم!» دەپ ماختىلىدۇ. دېمەككى ئەركەكلىك ئۇقۇمى يىگىتلىرىمىزنىڭ قۇلىقى ۋە دىلىغا كىچىكىدىن تارتىپ سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. 14 ياشلىق ئىنىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەھەللىدىكى ئوغۇللاردىن بەرى ئۇرۇشۇپ قېلىپ يىغلىسا ياكى ئاتا ـ ئانىسىغا چېقىپ كىرسە شۇ بالىنى بالىلار ھەرگىز ئارىغا ئالمايدىكەن.

يەنە دىققەت قىلسام، «نوچى بولساڭ ...» دېگەن ئىبارە يىگىتلىرىمىزنىڭ ئاغزىدا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىكەن. دېمەك نوچى بولۇش، يىگىتلىك روھى بولۇش يەنى ئەركەك بولۇپ ياشاش بارلىق يىگىتلىرىمىزنىڭ ئارزۇسى، ئارمىنى، نىشانى ئىكەن.

«ھەقىقىي ئەركەك» دېگەن بۇ سۆزگە ھەركىم ئۆزى خالىغانچە تەبىر بېرىشلىرى تامامەن مۇمكىن. لېكىن مېنىڭ نەزىرىمدىكى ــ ھېسسىياتچان، نازۇك تەبىئەتلىك بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ نەزىرىدىكى ئەركەك ئەڭ ئالدى بىلەن زىمىسىدىكى تولىمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يېتەلەيدىغان، سۆيۈملۈك ئانىسىغا، ھەمشىرىلىرىگە بىخەتەرلىك، سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدىغان، ئۇلۇغ ئاتىغا كۈچلۈك يۆلەك، مۇڭداش بولالايدىغان، ئۆزىگە ساھىبجامالىلارنى ھەمراھ قىلىشتىن بۇرۇن ۋىجدان، ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى ھەمراھ قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. ھەقىقىي ئەركەك يەنە ئۆزى قۇرغان ئائىلىنى ئۆزىنىڭ كۆيۈمچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن جەننەت كەبىي تارتىملىق قىلالىشى، مېھرىبان ئايالىغا، سەبىي ئەۋلادىغا مېھرىنى بېغىشلىيالىشى كېرەك. ھەقىقىي ئەركەك يەنە ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى ئۆز ئەجرى ـ مېھنىتى بىلەن تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشى كېرەك. شۇنداق! بۇ دەل سۆيۈملۈك دادامنى تىپ قىلغان ھالدا سىزىپ چىقىلغان ھەقىقىي ئەركەك سۈرىتى. بەلكىم مەن سۈرەتلەپ چىققان بۇ ئەركەك باشقىلار ئۈچۈن نۇرغۇن كەمچىلىكلىرى بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن مەن ئۈچۈن بۇلار يېتەرلىك.

ئېسىمنى بىلگەندەك بولغاندىن تارتىپ دادام ئۆيدە تېلېۋىزورنى ئاچسا پەقەت كۈندىلىك خەۋەرلەرنىلا كۆرىدىكەن. كېيىن سىملىق تېلېۋىزىيە ئومۇملىشىپ قانالالار كۆپەيگەن بولسىمۇ ئۆيىمىزدىكى تېلېۋىزورنىڭ ئېكرانىدا ھەربىر قانالدىكى خەۋەرلەر پروگراممىسى بىلەن پۇتبول، ۋاسكېتبول، بوكس مۇسابىقىلىرىلا كۆرۈنەتتى. بىز كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالايدىغان كۆپ قىسىملىق فىلىملەر «سۇ بويىدا»، «ئەڭ ئاخىرقى كۆل»قاتارلىق ساناقلىق بىر نەچچىلا فىلىم ئىدى. مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا ھەتتا ئاپاممۇ تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ نومۇر بېرىش قائىدىلىرىدىن تارتىپ ئۇستا بوپكەتتى. بىز پەرزەنتلەرگىمۇ ئۇزاقتىن ئۇزاق

كىنولارنى كۆرۈش ۋاقتى ئىسراپچىلىقدەك بىلىنىدىغان بولۇپ، 45 قانالدىكى خەۋەرلەرنى، تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئىزدەپ كۆرىدىغان بولدۇق.

تولۇقسىز ئوتتۇرىدىكى چاغلىرىم بولسا كېرەك. بىر كۈنى كەچتە دادام «بۈگۈن كەچتە بىر ئۇيغۇر بوكسچىنىڭ مۇسابىقىسى بار ئىكەن» دەپ خېلى كەچكىچە تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇردى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىمتىھان بولغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشۈمگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. دادام ھەتتا تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋەتكەنىدى. ئامالسىز بىر ھىيلە ئويلاپ تاپتىم. يەنى ھۇجرامنىڭ ئىشىكىنى چاندۇرماي قىيا ئېچىپ قويۇپ مۇسابىقىنى كۆردۈم. تېلېۋىزوردىكى ـ مەن ئىشىك قىسىلچىقى ئارقىلىق كۆرۈۋاتقان ـ بازغاندەك مۇشتلىرى بىلەن رەقىبىنى باش ئەگدۈرگەن ئۇ ئۇيغۇر يىگىت ئابدۇشۈكۈر مەجىت ئىدى. مۇسابىقە تۈگىگەندە دادامنىڭ «ئەركەككەنغۇ مانا!»دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بۇ ئەھۋالدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايتتىم. لېكىن ھاياجىنىم دادامنىڭكىدىن، توغرىسى شۇ ۋاقىتتىكى ھەربىر تاماشىبىنىنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئاشۇ كۈنى ئويلىسام دادامنىلا ئۆلگە قىلىپ سىزىپ چىقىلىشى كېرەك بولغان ئەركەك سۈرىتىگە يەنە بىر خىسلەت قوشۇلۇپ قالغانىكەن. يەنى ئەركەك دېگەن پالۋان بولۇشى، ۋىجدان تۇيغۇلىرى بىلەن باتۇرلۇق شەجەرىسىنى يېزىشى كېرەك ئىكەن.

نەچچە يىللار ئۆتۈپ قەلبىمگە پالۋان ئوبرازىنى ئورناتقان شۇ ئاكىمىزنىڭ «جۇڭگو بوكس پادىشاھى»بولۇپ، يەنى پالۋانلىق تاجىسى كىيىپ بوكس سەھنىسىدىن چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ياق! ئەسلى ئۇ چېكىنمىگەنىكەن. قاراڭ! ئۇ ھازىرمۇ بوكس سەھنىسىدە تۇرمامدۇ؟ توغرا! ئۇ گەرچە چېلىش مەيدانىنىڭ ئۆزىدە بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىلىرى بىلەن يارامىلىق مەشقاۋۇلغا ئايلىنىپ بىر توپ ئەركەكنى ئۆزىدەك پالۋانغا ئايلاندۇرۇش يولىدا يەنە تەر ئاققۇزۇۋېتىپتۇ.

ئەنە! ئۇ ئاتاقلىق بوكس تىرېنېرىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ئاكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئابدۇرەھمان ئابلىكىمنى خەلقئارا بوكس سەھنىسىگە چىقاردى. ئۇنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تەڭ خۇشاللاندى.

ئەنە! ئۇ ئەكرەم ئىسھاقنى مەيدانغا چىقاردى. ئەكرەمنىڭ تاغاق سۆڭىكى چىقىپ كېتىپ مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرالمىغاندا ئۇ ئەكرەم بىلەن تەڭ يىغلىدى. ئەنە! ئاشۇ كېلىشكەن باتۇرىمىز ئۆزىدەكلا سۇباتلىق يەنە بىر يىگىتنى — تۆلەۋقاننى غەلىبىسى ئۈچۈن چىڭ قۇچاقلاپ پېشانىسىدىن سۆيدى. ئابدۇشۈكۈر ئاكا يەنە 17 ياشلىق شاگىرتى ئابدۇرېشىتنى ياش پەرقىمۇ، بەدەن ساپاسى پەرقىمۇ چوڭ بولغان رەقىبىدىن مەجبۇرىي ياندۇرۇۋالدى ۋە قۇلىقىغا: «پۇرسەت ساڭا تېخى جىق، مەيدان كۆرسەڭلا بولىدۇ» دېدى. ئۆز ۋاقتىدا بوكس مەيدانىنىڭ ئۆزىدە شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ خەلق قەلبىنى ھاياجانغا سالغان بۇ پالۋان ئەمدىلىكتە شۇ مەيدانىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تۆت تال ئارغامچىنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەنە تەر تۆكۈۋاتىدۇ. ئەمدى خەلقىگە ئۆزىدەك بوكس پالۋانلىرىنى تەقدىم ئېتىۋاتىدۇ.

ياشا! خەلقىنىڭ ئوغلانى، ھەقىقىي ئەركىكى!

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىل 1 ـ سانىدىن ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي ئاكىمىزنىڭ «ئاسىيا بوكس چېمپىيونى»، «ئولىمپىك ئوغلانى» ئابدۇرەھمان ئابلىكىم 2001 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بوكس تۈرىدە ئالتۇن مېدال ئېلىپ خەلقىمىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەنلىكىگە ئاتاپ يازغان «مۇشت ئىلھامى تۇغقان خىياللار» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇپ خۇددى شۇ مەيداندا ئۆزۈم بارىدەك ھاياجانلىنىپ كۆزۈمگە ئىسسىق ياشلار ئالغىنىم، شۇ ماقالىنى قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. چۈنكى جۇغۇمنىڭ كىچىك، تېنىمنىڭ ئانچە بەك ساغلام ئەمەسلىكىگە قارىماي مەن سېپى ئۆزىدىن بىر تەنتەربىيە ھەۋەسكارى بولۇپ چىققانىدىم. بولۇپمۇ پۇتبول بىلەن بوكس مېنىڭ مەستانىلارچە كۆرىدىغان تۈرۈم ئىدى. مېنىڭ بوكسقا قىزىقىدىغىنىمنى ئاڭلىغان بىر يۇرتلۇقۇمنىڭ دېگەن گېپىنى ھازىرغىچە ئېچىنىش، مەسخىرە ھېسسىياتىدا ئەسلەپ قالىمەن: «توۋا! كىچىككىنە بىر قىز بالا تۇرۇپ بوكسقا قىزىقىقىنىڭىز نېمىسى؟ قىزلار دېگەن مېھرىبان، تارتىنچاق بولىدىغان. ئىككى ئىنساننى مۇشتلاشتۇرۇپ قويۇپ قاراپ ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلىنالىسىڭىز سىزمۇ ئېسىل قىز ئىكەنسىز!» شۇ چاغدا ئۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرالمىغانلىقىم ئۈچۈن ھازىرمۇ ئۆكۈنىمەن. بەلكىم ئۇنىڭدەك ئازراقمۇ تەنتەربىيە ھەۋىسى بولمىغان، توغراقى پالۋانلىق ئوقۇمى قەلبىدە بولمىغان، جاپالىق ھەم ھاياجانلىق بۇ تۈرنى، ئەركەكلىكنىڭ رەمزى بولغان بوكسنى چۈشەنمىگەن ئۇ كىشىگە جاۋاب قايتۇرۇشمۇ ئارتۇقچە بولغىيتتى!

ئابدۇشۈكۈر ئاكىدىن، «ئاسىيا بوكس چېمپىيونى»، «ئولىمپىك ئوغلانى» ئابدۇرەھماننىڭ چىرايلىق — «پاكىز» مۇشتلىرىدىن، ئەكرەمنىڭ ئەپچىل قېچىپ تۇرۇپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ رەقىبىنى ھالسىزلاندۇرۇشىدىن، «ئاسىيا بوكس چېمپىيونى»، «ئولىمپىك ئوغلانى» قانات ئىسلامنىڭ ئوماقلىق ئارىلاشقان، لېكىن تولىمۇ تۇرلۇق مۇشتلىرىدىن، ئابدۇروسۇلنىڭ ئالداپ تۇرۇپ مۇشت ئېتىپ رەقىبىنى 2 ـ ياكى 3 ـ مەيداندىلا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغىنىدىن ھوزۇرلىنىش مېنىڭچە پالۋانلىققا چوقۇنىدىغان، پالۋانلارنى قەدىرلەيدىغان ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كەلسە كېرەك! بۇ خۇددى ئابدۇرېھىم دۆلەت ئاكىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «نېمىشقا ئويلانمايمىز؟!»ناملىق ماقالىسىدە بايان

www.uyghurkitap.com

قىلغان تام قوپۇرۇۋاتقان ئۈچ ئادەم توغرىسىدىكى ھېكايەتكە ئوخشاش ئىش ئىكەن. گەرچە ھېكايەتتىكى ئۈچىلا كىشى تام قوپۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، «نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟»دېگەن سوئالغا بىرى «تام قوپۇرۇۋاتىمەن»، يەنە بىرى «پۇل تېپىۋاتىمەن» دېسە، ئۈچىنچى بىرى «ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بىر ئۆي سالماقچىمەن»دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭدەك بوكسنىڭمۇ ھەركىمگە بېرىدىغان لەززىتى، سېھرىي كۈچىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

2004 ـ يىلى 26 ـ سېنتەبىردىن 30 ـ سېنتەبىرگىچە «قىزىلتاغ» تەنتەربىيە سارىيىنىڭ بوكس زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق بوكس تەكلىپ مۇسابىقىسىنى كۆرگەن ھەربىر يۈرىكى ئويغاق ئىنسان خۇددى ماڭا ئوخشاشلا باتۇرلۇق ـ ھەقىقىي ئەركەكلىكنىڭ مەنىسىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن بولسا كېرەك. شىنجاڭ بوكس ئەزىمەتلىرى 14 دۆلەت، بەش ئۆلكىدىن كەلگەن سەرخىل بوكسچىلار ئارىسىدا تالانتىنى نامايان قىلىپ تۆت ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، ئىككى مىس مېدالنى قولغا كەلتۈرۈپ يەنە بىر قېتىم باتۇرلۇق مارشىنى ياڭراتتى. زالدىكى «يارايسەن يىگىت!» «ياشاپ كەت، ئەركەك!»، «ئابدۇرەھمان، بوشاشما!»، «غەيرەت قىل! ئابدۇرۇسۇل!»، «پالۋاندەك مۇشت ئاتە، نەبى!»دېگەن توۋلاشلاردىن خەلقىمىزنىڭ ئۆز پالۋانلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، بېشىدا كۆتۈرىدىغان روھى نامايان بولدى. شىنجاڭ بوكسچىلىرى تاكى ئىسمى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ مۇسابىقىسىنى تۈگىتىپ مەيداندىن چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان چاۋاك، مەدەتلەردىن ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى تولۇق ھېس قىلدى. گەرچە بوكس سەھنىسىدە ئەزىمەتلىرىمىز يەكمۇيەك ئېلىشسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبىگە خەلق قەلبى ھەمراھ ئىدى. ئۇلارنىڭ چېمپىيون بولۇش ئارزۇسىغا خەلقنىڭ چېمپىيون ئوغلانلىرىنى كۆرۈش ئارزۇسى ھەمدەم ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېتىۋاتقان ھەربىر مۇشتى خەلقنىڭ تالاي ئارزۇ ـ ئارمىنى يوغۇرۇلغان خاسىيەتلىك مۇشت ئىدى. شۇڭىمۇ ئۇلار رەقىبلىرىنى ئۇرۇپ يىقىتتى، 2 ـ ، 3 ـ مەيدان ئېلىشىشتىلا ئاق بايراق چىقارغۇزدى. خەلق بۇ زەبەردەس يىگىتلىرىنى ـ ئەجرىدىن ئۆزلىرىگە خۇشپۇراق گۈللەرنى سۇنغان ئەزىمەتلەرنى قىپقىزىل گۈلدەستىلەرگە كۆمۈۋەتتى، پېشانىسىدىن سۆيدى، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى.

بۇ يەردە شۇ نەرسە تولىمۇ ئېنىقكى، بۈگۈنكى كۈندە پالۋانلىق ـ ھەقىقىي ئەركەكلىك پەقەت مۇشت ئېتىشتىلا ئىپادىلەنمەيدۇ، ئۇ يۈكسەك ئىرادىدە، غايەت زور چىدامچانلىقتا، سۇنماس روھتا، ئۆزگە تېگىشلىك ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئابدۇرەھمان ئابلىكىمنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغۇچىلار سورىغان «نېمىشقا بوكس كەسپىنى تاللىغان ئىدىڭىز؟!»دېگەن سوئالىغا «پالۋان بولاي دېگەن»دەپ جاۋاب بەرگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ جاسارەتلىك يىگىت شۇ ئىرادىسىدە چىڭ تۇرغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە چەبدەس مۇشتلىرى بىلەن جۇڭگو بوكس سەھنىسىدىن ھالقىپ ئاسىيا بوكس سەھنىسىدىكى نۇرلۇق چولپانغا يەنى ئۆز ئارمىنىدىكى پالۋانغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇر ئاتىلىرىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتىگە ئايلىنىپ، تالاي ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قەلبىدە باتۇرلۇق ئابىدىسىنى تىكلىدى.

ئەكرەم بارات ئۆزىنىڭ ئابدۇشۇكۇر ئاكىسىنىڭكىگە ئوخشايدىغان «پاكىز» مۇشتلىرى بىلەن «يەككە مۇشت باتۇرى» دېگەن نامنى ئېلىپ، باتۇرلۇق كۆكىدە يەنە بىر چولپانغا ئايلاندى.

ئابدۇرۇسۇل ئاجايىپ تەمكىن ھەرىكەتلىرى بىلەن بوكس خۇمارلىرىنىڭ قەلبىدىكى قىزغىنلىقىنى، بوكسقا بولغان تەلپۈنۈشىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئۇ رەقىبىنى يېڭىپ قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ خەلققە سالام بەرگىنىدە جۈپ ـ جۈپ كۆزلەر ھاياجاندىن نەمدەلدى. «بوكس مېنىڭ ھاياتىم، چېمپىيونلۇق ئاشۇ ھاياتىمنىڭ بىردىنبىر قوغلىشىش نىشانى، لەززىتى، بارلىقىم بوكس ئۈچۈن» دەپ ياشايدىغان ئەزىمەت قانات ئىسلام رەقىبىنى يۇقىرى ئۈستۈنلۈك بىلەن يەڭگەندە ساھىبخانلىق ئورنىدا ئولتۇرغان ئۇستاز تىرېنېر ئابلىكىم ئابدۇرېشت ئاكىمۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

ئابدۇنەبى قازاقىستانلىق ماھىر بىلەن ئاخىرقى مىنۇتقىچە ئېلىشىپ كىچىككىنە نومۇر پەرقى بىلەن يېڭىلىپ قالغاندا تاماشىبىنلار: «ياخشى ئوينىدىڭ نەبى، ھېچقىسى يوق، سەن يەنىلا بىزنىڭ باتۇرىمىز»دەپ ۋارقىرىدى. بوكستا پەقەت چېمپىيونلۇقلا ئېتىراپ قىلىنسىمۇ لېكىن ئۆز پالۋانلىرىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا بىلەن چىرايلىق مۇشت ئېتىشلىرىمۇ بىر خىل چېمپىيونلۇق.

خەلق پالۋانلىرىنى ئەنە شۇنداق قەدىرلەيدۇ، ئۇلارغا مەدەت بېرىدۇ. چۈنكى بۇ پالۋانلار، بۇ ئەركەكلەر خەلقنىڭ ئىسسىق قېنىنى ئۇرغۇتىدۇ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشىدۇ، قەلبىگە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ئاتا قىلىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، بوكسچى پالۋانلىرىمىز بوكس سەھنىسىدە بارغاندەك مۇشتلىرى بىلەن ھەقىقىي ئەركەكلىكنى نامايان قىلىۋاتقان مىنۇتلاردا ھەر بىر ۋىجدانى ئويغاق ئوقۇرمەنمۇ ھايات سەھنىسىدە ھەقىقىي ئەركەكلىكنى نامايان قىلغۇسى!

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ئىنستىتۇتى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقى كەسپى 2001 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

# ئۇلار بولمىسا بولمايدۇ



مۇھەممەد باغراش

كىچىكىمدە ئانام مېنى ئاسانلىقچە كىنوغا بارغىلى قويـ-
مايتتى. يەتتە - سەككىز ياشلىق بالىنىڭ يېرىم كېچىلەرگىچە
كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈشىدىن ۋاھىم يەيتتى. شۇڭا مېنى
قاتتىق تەقىپ قىلاتتى. مەن شۇنچە قاتتىق «تەقىپ» ئە-
چىدىمۇ بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇپ چىقىپ يەنە كىنوخانىغا
قاچاتتىم. كىنودىن تارقاپ قايتقاندا ئــاتــام جــازالايــتــتى.
«ئەمدى ھەرگىز كىنوغا قاچمايمەن» دېگەن ۋەدىنى ئال-
مىغىچە قويۇۋەتمەيتتى. ئەتىسى كەچتە، ئالدىنقى كۈندىكى
جازانى يادىمدىن چىقىرىپ ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە قاچاتتىم
ۋە يەنە ئوخشاشلا جازالىناتتىم.

شۇ كۈنلەردە چوڭلاردىن: «ئامېرىكىدا خەقلەر ئۆيىدە
ئولتۇرۇپ كىنو كۆرىدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالاتـ-
تىم - دە، «پاھ، ئامېرىكىلىق جاھانگىر بەتبەختلەر نېمانچە
بەختلىكتۇر - ھە؟ بىزمۇ ئۇلاردەك تەرەققىي قىلساق، ئۆيـ-
دە ئىسسىق يوتقاندا يېتىپ كىنو كۆرەلىگەن بولسام قانداق
ياخشى بولاتتى، ئۇ چاغدا ئاتامنىڭ ‹كۆك چىۋىقى›دىنمۇ
قۇتۇلۇپ قالاتتىم»دەپ ئويلايتتىم. شۇنــىڭــدىن 20 يــىل

ئۆتكەندە ياپونىيىنىڭ 14 دىيۇيملىق رەڭسىز تېلېۋىزورىنى
سېتىۋالدىم. مەن پەقەت شۇ چاغدىلا كىچىكىمدە ئاڭلاپ
ئارزۇ قىلغان «ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈش»نىڭ پەيـ-
زىنى سۈردۈم. يەنە شۇنىڭدىن 20 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى
كۈندە قارايدىغان بولساق، تېلېۋىزور بىزنىڭ تۇرمــۇشــ-
مىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. مۇشۇ
كۈنلەردە ھەر قانداق بىر كىشى تېلېۋىزور بولمىغان كۈننىڭ
ئۆزى ئۈچۈن نەقەدەر كۆڭۈلسىز ۋە مەنىسىز كۈن بولۇپ
قېلىشىنى، تېلېۋىزورسىز دۇنيانىڭ قانچىلىك غەلىتە، كۆز -
قۇلاقنى ئېتىۋالغاندەك تىمتاس ۋە تىلسىم دۇنيا بولۇپ قا-
لىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

«غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش» ئىسترا-
تېگىيىسى يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىغاندىن بۇيان رايونىمىزنىڭ
تېلېۋىزىيە ئىشلىرى كىشىنىڭ قىياسىدىن ھالقىغان دەرىجىدە
تەرەققىياتقا ئېرىشتى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون شىنجاڭ-
نىڭ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور مەبلەغ ئاجـ-
رىتىپ، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتــىنى كــۈچــلۈك

كاپالەتكە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيىسىنىڭ ئۇيغۇر، قىرغىز تىللىرىدىكى پروگراممىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە تارقىتىلىشقا باشلىدى. قۇدرەتلىك ئۇنىۋېرسال كۈچى بولمىغان ۋە بىر قەدەر يۈكسەك تەرەققىيات پەللىسى يارىتالمىغان ھەر قانداق بىر دۆلەت تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ قولىدىن بۇنداق ئىش كېلىۋەرمەيدۇ.

تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ بىر گۈلتاجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىدا، بولۇپمۇ دەۋر ۋە جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسىي قاتناشچىسى بولغان جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ «ئۆزگىرىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تولىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. تېلېۋىزىيە سىياسىي، ئىقتىساد، بازار، پەن، مائارىپ، تېخنىكا، مەدەنىيەت، تارىخ، سەنئەت، ئېكولوگىيە، مېدىتسىنا ... قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ئەڭ يېڭى، ئەڭ زۆرۈر ئۇچۇرلىرىنى كۆرۈرمەنلەرگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق جەمئىيەت ئىدېئولوگىيىسى، مەۋجۇت قىممەت ئۆلچىمى ۋە قارىشى، مەۋجۇتلۇق ئېڭى، تەپەككۇر يولى، شەكلى ۋە ئۇسۇلى، تۇرمۇش شەكلى ۋە ئادىتى، ئىجاد ـ يارىتىش قىياسىنى ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ ئەلانىشانغا قاراپ يېتەكلەيدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىنى ياخشىلىق، گۈزەللىك، تەرەققىيات، دوستلۇق ۋە گۈللىنىش روھىدا تەربىيىلەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى خۇددى ھاۋا بىلەن كۈن نۇرىغا ئوخشاش جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ئەڭ ئېھتىياجلىق، بولمىسا زادىلا بولمايدىغان بىر خىل ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچان مەدەنىيەت شەكلىدۇر. شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھېچقانداق ئۇچۇر ۋاستىسى ۋە مەدەنىيەت شەكلى تېلېۋىزورنىڭ — تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلمەيدۇ. تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى تاللاش ـ پىششىقلاپ ئىشلەش، يەتكۈزۈش (تارقىتىش) قاتارلىق ئامىللارنى ۋاستە قىلغان بولۇپ، تارقىتىش ـ تېلېۋىزوردىن ئىبارەت ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراستىنىڭ بۇ كاتتا نامايەندىسىنىڭ تېخنولوگىيە ـ مېخانىكىلىق تەبىئىي ئىقتىدارى. ئۇ پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى، ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ كۈنسېرى مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. باشقا ئامىللار بولسا توغرىدىن توغرا ئادەم ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. تېلېۋىزىيە خادىملىرىنىڭ خەلقىمىزگە 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى قىلغان مىننەتسىز ئەمگەكلىرى، خەلقىمىزنىڭ ئۇيغار ھاياتىنى بېيىتىش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرى، ئاققۇزغان تەرلىرى ھەربىر كۆرۈرمەننى ئىچ ـ ئىچىدىن تەسىرلەندۈرۈپ، ھەر بىر كۆرۈرمەننى مەيلى تونۇسۇن ـ تونۇمىسۇن، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، دىلكەش مۇڭدىشى، ئۇستازى، يول كۆرسەتكۈچىسى دەپ تونۇيدىغان، چەكسىز ھۆرمەت قىلىدىغان، ھەتتا چوقۇنىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى. بۇ ھەم ئىش يۈزىدە كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئاشۇ تېلېۋىزىيە خىزمەتچىلىرىگە، ئاشۇ سۆيۈملۈك كىشىلىرىگە بەرگەن ئەڭ ئالىي مۇكاپاتىدۇر. شۇ ئۇپەيلى، ئاشۇ ناملىق ۋە نامسىز قەھرىمانلار ئۆزلىرىنىڭ خەلقىمىزگە قىلىپ بەرگەن خىزمەتلىرى، تۆككەن تەرلىرى ۋە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن تالاي ـ تالاي كۈنلىرى ئۈچۈن پەخىرلىنىشكە ئاساسەن ھەقلىق!

1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا ئۇيغۇر تىلىدىكى قانالدا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپ تا ھازىرغىچە تەمكىن، جىددىي، ئەستايىدىل دىكتورلۇق ئىستىلى، ئۆلچەملىك، سالاپەتلىك دىكتورلۇق ئوبرازى بىلەن كۆرۈرمەنلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىۋاتقان پېشقەدەم دىكتور ـ رىياسەتچىلەردىن غالىب نىياز، مېھرىگۈل مۆمىن، مۇھەممەتئېلى ئابلىز، گۈلشەن ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار، 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا خۇددى ئاسمان گۈمبىزىدە ئۇشتۇمتۇت بالقىپ پارلىغان زۆھرە يۇلتۇزىدەك بىردىنلا ئېكران ۋە سەھنىدە پەيدا بولۇپ ئۆزىنىڭ ئالماستەك ئۆتكۈر ئەقىل ـ پاراستى، چاقماقتەك تېز تەپەككۇرى، خاراكتېرىدىكى چاپقان قىلىچتەك كەسكىنلىكى، ئېلېكتر زەربىتىدەك سەزگۈر ئىنكاسى، گۈزەل تىل ئۇستىكارلىقى ھەمدە مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسى بىلەن بىردىنلا كۆرۈرمەنلەرنى جەلپ قىلىپ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ جازىبىسىنى يوقاتمايۋاتقان مۇنىرە غوپۇر، چېھرى ۋە ئاھاڭى يېقىملىق پاتىگۈل سەئىدى، ئىشچان ۋە تىنىمسىز فىلىم ئىشلىگۈچى سانىيە ئەسقەر، «ھايۋاناتلار دۇنياسى» پروگراممىسىدا ئىپادىلەنگەن پاساھەتلىك سۆز سەنئىتى، يېقىملىق ۋە نەفىس ئىنتوناتسىيىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىدە سالاپەتلىك، چوڭ سۈپەت، ئىنسانىي تۇيغۇغا باي، باغرى يۇمشاق، يىراقنى كۆرەر بىر دانىشمەن بوۋايدەك ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغۇتىدىغان مەھمۇد مەقسۇد، كىشىگە خۇددى ھېلىلا ئېتىزدىن يانغان ۋە ياكى ئۆز بېغىدا گۈل ئۆزۈپ يۈرگەن دېھقان قىزىدەك ئاددىي ـ ساددا، ئاق كۆڭۈل، مېھرى ئىسسىق كۆرۈنىدىغان نەشپەت ئۆمەر، كەسپتە پىشقان رىياسەتچىلەر ماھىرە ئابدۇكېرىم، مەھمۇد ئىسرائىل، رىزۋانگۈل ئابدۇرەھمان، شۇنداقلا، تەپەككۇرى چوڭقۇر، ئىپادىلەش قۇۋۋىتى كۈچلۈك، سوئاللىرىدىن ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىملىكلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، مەدەنىيەت تارىخىمىزنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان رىياسەتچى ئابلەت ئابدۇرېھىم، خىياللىرى تولا، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ھەممە ساھەگە تەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئېزگۈلۈكلىرىمىزدىن شادلىنىپ، ئىللەتلىرىمىزدىن غەش بولۇشنى بىلىدىغان ماھىر رىياسەتچى ئۈمىدغەنى، تەلەپپۇزى يېقىملىق، ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان پروگراممىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىشنى بىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

رىياسەتچى مۇھەممەتئېلى قاسىم، ئاۋازى جاراڭلىق، ئاھاڭى
مۇزىكىدەك يېقىملىق، ئاۋاز تېمبىرى جەلپكار، مۇلايىم ۋە
يېقىملىق ئېكران ئوبرازى ئارقىلىق كۆرۈرمەنلەرگە بىغۇبار،
مەسۇم، سەبىي ۋە پاك گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىپ،
كۆرۈرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇر، تۇيغۇ ـ سېزىملىرىنى مۇھەب-
بەت ۋە گۈزەللىككە تولغان، پاكلىق، ياخشىلىق ۋە ئېزگۈ-
لۈك جۇلالاپ تۇرىدىغان بىر خىيالىي دۇنياغا يېتەكلىيەلەي-
دىغان تەبىئىي ئىقتىدارغا ئىگە سۆيۈملۈك دىكتور ـ رىيا-
سەتچىمىز ماھنۇر توختى، تېلېۋىزىيە ساھەسىدىكى قابىل
تەشكىلاتچى دىلشاد ئەزىز، ئىسلاھات روھىغا باي رېژىس-
سور ۋە قابىل تەشكىلاتچى مۇراد ئابدۇللا، رىياسەتچىلىك،
مۇخبىرلىق ۋە تەشكىلاتچىلىق ئىقتىدارى تەڭ يېتىلگەن
ئەسقەر ھېسامىدىن، شائىر، يازغۇچى، ئوبزورچى، چاقچاق-
چى، پىشقان تېلېۋىزىيە مۇھەررىرى ئەخمەتجان قۇربان،
«شادلىق سەيناسى» پروگراممىسىنىڭ سۆيۈمچانى ئۈستۈ-
رۈش يولىدا كېچە ـ كۈندۈز ئىزدىنىۋاتقان پائالىيەتچان،
ئىسلاھات روھى جۇشقۇنلاپ تۇرغان مەلىكىلىك مۇھەررىر
ياسىن ئەھمەد، تېلېۋىزىيە تەرجىمە ئەدەبىياتىغا ئاجايىپ
تۆھپىلەرنى قوشقان ھۆرمەتكە سازاۋەر تالانتلىق ئۇستازلار،
ئانا تىل پاساھىتىدە كامالەتكە يەتكەن، خەنزۇ تىلى سەۋى-
يىسى ئىنتايىن يۇقىرى، ئەدەبىي تەرجىمە قانۇنىيىتىنى مۇ-
پەسسەل ئىگىلىگەن، جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەمدە
دۇنيانىڭ ئەڭ نەمۇنىلىك مۇدېرنىزم ئەدەبىياتىنى ئوبدان
بىلىدىغان، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدە
ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كاتتا تىل ئۇستىلىرى مۇ-
ساجان ئەزىزىي بىلەن ماھنۇر ھاجى ياقۇپ ۋە يەنە ئاۋاز
بېرىش سەنئىتىدە ئاجايىپ قابىلىيىتى ۋە ئىجادچانلىقىنى
جارى قىلىپ كىشىلەردە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرۇپ،
كۆرۈرمەنلەرنىڭ رايىنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىۋالغان تالانت-
لىق ئاۋاز ئارتىسلىرى ۋە رېژىسسورلاردىن پەرھات تالىپ،
تۇرغۇن ئىبراھىم، ئەكبەر لېتىپ، ئابدۇقەييۇم ئىمىن، غەي-
رەت ئوسمان، ھاۋاخان ھېيت، پاتىمە ھوشۇر، يالقۇن سە-
پەر، رىزۋان ئابدۇقادىر، رىزۋان ياسىن، مۇنەۋۋەر ئابلەت،
گۈلزار ئابدۇقادىر، گۈلزار نۇردۇن ... قاتارلىقلار، رايونى-
مىزنىڭ تاغ ـ دالا، چۆل ـ باياۋان، يېزا ـ قىشلاق،
كەنت ـ شەھەرلىرىنى ئارىلاپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ
ساتما كەپىلىرىدە يېتىپ ـ قوپۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇ-
چۇر «شىرنىلىرى»نى يىغىپ كۆرۈرمەنلەرگە تەقدىم قىلى-
ۋاتقان، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرى، پىكىر ـ
تەلەپلىرى، قايغۇ ـ خۇشاللىقلىرى، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى
ئەلگە ئاڭلىتىپ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ۋە كۆرۈرمەنلەرنىڭ
كۆز ـ قۇلىقى بولۇپ بىجانىدىل خىزمەت قىلىۋاتقان ئەنۋەر
روزى، سۈرئەت ياسىن، سۇبھى ئەھمەد، ئەسقەر ئەركىن،
مۇزەپپەر مۇلۇكھاجى، جۇرئەت ھەبىبۇللا ... قاتارلىق
مۇخبىرلار، مەن نامىنى بىلمەيدىغان كۆپلىگەن ئوپېراتور ۋە
سەھنە ـ ئېكران خىزمەتچىلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يارام پە-
كىر ـ تەپەككۇر ۋە تىل دۇردانىلىرى، ئەڭ گۈزەل ۋا-
قىت ـ سائەتلىرىنى باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە سەرپ قىلىپ،
تېلېۋىزىيە ئىستېمالى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى «تاۋار»لارنى
تەقدىم قىلىۋاتقان، ئېكران ئارقىسىدا ئۈن ـ تۈنسىز تەر
تۆكۈۋاتقان كۆپلىگەن فىلىم ئىشلىگۈچى، تەرجىمان، مۇ-
ھەررىر ۋە تېخنىك خادىملار كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئەڭ سۆ-
يۈملۈك كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئۆزىنى
بېغىشلاش روھى ۋە شەخسىيەتسىز ئەجىر ـ ئەمگەكلىرىسىز
ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ بۈگۈنىنى تەسەۋۋۇر قىلىش
مۇمكىن ئەمەس! ئۇلارغا مىليون يۈرەكلەرنىڭ رىشتى باغ-
لانغان، كۆرۈرمەنلەرنىڭ ماختىشى، ئالقىشى ۋە مۇھەببىتى
ئۇلارغا مەنسۇپ. تۇرمۇشىمىزدا ئۇلار بولمىسا بولمايدۇ!

كېرەك نەرسىنىڭ يوقىدىن بېرى ياخشى، بار بولغاندا
ناچىرىدىن «سېقى» ياخشى. خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مە-
نىۋى تۇرمۇشىدا 20 يىلدىن بۇيان ناھايىتى زور ئۆزگىرىش
بولدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنيا-
سى، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە قىممەت قاراشلىرى، ھايات
شەكلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدا كەسكىن يېڭىلىنىش بولۇپ،
ئۇلارنىڭ مەنىۋى تەلىپى، نىشان قىلغان روھىي پەللىسى،
مەنىۋى ئىستېمال ئۆلچىمى بىردىنلا ئۆسۈپ كەتتى. ئۇلار
ئىجتىمائىي ھاياتتىن يېمەك ـ ئىچمەكتىن باشقا يەنە ئاجايىپ
كۆپ نەرسىنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى ۋە بۇ تەلەپلەرنىڭ
قىممىتى، سۈپەت ـ دەرىجە ئۆلچىمى سائەتسېرى يېڭىلە-
نىپ، ئەلالىشىپ بارماقتا. كۆرۈرمەنلەر ئەمدى «ئۆيدە
ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈش»كىلا قانائەت قىلمايدىغان، تېلې-
ۋىزىيىدە نېمىنى بەرسە شۇنى كۆرىدىغان چاغلار كەلمەسكە
كەتتى. كۆرۈرمەنلەرنىڭ ساپاسى ئۆستى. ئۇلار تاللاپ،
شاللاپ، باھالاپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشنى بىلىدىغان بولدى.
ئۇلار ئۈچۈن ۋاقىت قىممەت جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن،
ھەممىدىن مۇھىم ئۇقۇمغا ئايلاندى. كۆرۈرمەنلەرنىڭ يېڭى
دەۋردە ياسىغان يۇقىرىقىدەك قىممەتلىك سۈپەت ئۆزگە-
رىشى ئالدىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تېلېۋىزىيە قاناللىرىنىڭ
بىرمۇنچە ئاجىزلىقلىرى ئاشكارىلىنىپ، تېلېۋىزىيىنىڭ كۆ-
رۈرمەنلەر توپىنىڭ كۆڭلىدىكى ئوبرازىغا تەسىر يەتمەكتە.
شۇڭا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۆرۈرمەنلەرنىڭ
كۆڭۈل سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ، كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلە-
لەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشلىرى زۆرۈر.

بۇ مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئىخچاملاش مۇمكىن:

تېلېۋىزىيە تىلى مەسىلىسى. ئۇيغۇر تىلىدىكى تېلېۋى-
زىيە ئاڭلىتىشىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قوللىنىلىدۇ ۋە

تېلېۋىزىيە تەبىئىي رەۋىشتە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى تارقىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، مۇھەررىر، تەرجىمان، دىكتور، مۇخبىر ۋە رىياسەتچىلەر ئۆزلىرى ئىشلىتىۋاتقان ئانا تىلغا يۇكسەك دەرىجىدە جاۋابكار بولۇشلىرى شەرت. بۇ بىر ئەقەللىي ساۋات ۋە تەلەپ. ئەپسۇسكى بەزى چاغلاردا بىزنىڭ خېلى پىشقان ۋە داڭلىق دىكتور ـ رىياسەتچىلىرىمىزمۇ بۇ جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنالمايۋاتىدۇ. بىزنىڭ چولپان رىياسەتچىمىز مۇنىرە غوپۇر بىر قېتىملىق نەق مەيدان زىيارىتىدە («تەڭرىتاغ گۈلزارى»دا) «چاقادى»، «ۋاقادى» دېگەن سۆزنى بىرقانچە قېتىم ئىشلىتىپ ئىختىيارسىز ھالدا كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستاپ قويىدى. بۇ سۆزنىڭ توغرىسى «ۋارقىرىدى» (ياكى جانلىق تىلدا «ۋاقرىدى»)، «چاقىردى» ئىدى. ھازىر ياشلاردىن خېلى بىر قىسمى ئاشۇنداق خاتاسىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. يەنە قانداقتۇر «بوپ قويىدۇ»، «بوپ قالدۇ»، «مۇخابەت»، «مۇقەددەس»، «ئەكۋال»، «شەكرى»، «ئادى ـ سادا»، «مىنەۋەر»، «يايرىم»، «قۇۋۋەت»، «ئا ـ مىركا» (بىرىنچى فونىمانى بولۇشىغا سوزۇپ)، «يا ـ پون»، «رە ـ سىم» (بۇلارنىڭ توغرىسى: «بولدۇ»، «بولىدىكەن»، «مۇھەببەت»، «مۇقەددەس»، «ئاۋدىي ـ سادا»، «مۇنەۋۋەر»، «يارىم»، «قۇۋۇۋەت»، «ئامېرىكا»، «ياپون»، «رەسىم» (سوزماي كەسكىن) «شەھەر»، «ئەھۋال» بولۇشى كېرەك) قاتارلىق بۇزۇلغان سۆزلەر دىكتور ـ رىياسەتچىلەر دائىم ئىشلىتىدىغان سۆز بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھازىر جەمئىيەتتىكى تىل ئىستېمالىدا ئانا تىلىمىزنىڭ بۇلغىنىشى ـ بۇزۇلۇش ھادىسىسى بىر قەدەر ئېغىر. تېلېۋىزىيە خادىملىرى ناھايىتى ياساھەتلىك تىل ئۇستىلىرى بولۇشقا تېگىشلىك بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىل ئالدىدىكى جاۋابكارلىقى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھەر مىنۇت ئېسىدىن چىقارماسلىقى، جەمئىيەتتىكى بۇلغانغان، بۇزۇلغان تىللارنى ئېكرانغا سۆرەپ كىرمەسلىكى، ئەكسىچە، ئانا تىلنىڭ ئىززىتى ۋە ساپلىقىنى قوغداشقا ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشلىرى، ئۆز ئاغزىدىن چىقىۋاتقان تىلنىڭ توغرىلىق ۋە ئېنىقلىق دەرىجىسىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشلىرى كېرەك. تېلېۋىزىيىدە تېلېۋىزىيە تەرجىمە تىلى كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە بۇزۇلۇۋاتىدۇ. بۇ ھادىسە تاقەت قىلغىلى بولماس دەرىجىگە يەتتى. بەزى تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرىدە شۇ قەدەر بىمەنە، خاتا، تېتىقسىز تىللار ئىشلىتىلىدۇكى، بۇ ھال گاھىدا كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغىسا، گاھىدا كىشىنىڭ قۇسقىسىنى كەلتۈرىدۇ. يېقىندا بىر تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىمى كۆرۈۋېتىپ قانداقتۇر «ئادەم ئۆلتۈرسە، ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ» دېگەن بىر جۈملىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئەدناسى، ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «قانداق قاپاقباش تەرجىماننىڭ تەرجىمىسىدۇ بۇ؟!» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇ ئەسلىدە خەنزۇچىدىكى « 杀人要偿命 » دېگەن گەپ بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئادەم ئۆلتۈرسەڭ خۇن تۆلەيسەن» دېگەن گەپ ئىدى. لېكىن جانابىي «تەرجىمان» بۇ سۆزنى « 杀人要长命 »دېگەن مەنىدە «تەرجىمە» قىلغان! ئەڭ ئەقەللىيسى، خەنزۇچىدىكى « 偿 » خېتى بىلەن (مەنىسى «تۆلەش») « 长 » (مەنىسى «ئۇزۇن») دېگەن خەتنى پەرق قىلالمايدىغان، ئېنىقراق ئېيتقاندا خەنزۇچىدىن باشلانغۇچ ساۋاتقىمۇ ئىگە ئەمەس، باشقا بىرسىگە ئوقۇتۇپ، ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ قارىسىغىلا ماك چاپناپ «تەرجىمە» قىلىدىغان مۇشۇنداق ساۋاتسىزنىڭ ئاتالمىش «تەرجىمە»سى ئېكرانىدا خىرامان ھالدا (بىر قانچە «تەرجىمە» فىلىمدە) كۆرسىتىلمەكتە! بۇنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ تەرجىمە مۇھەررىرلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ نازارەتچىلەر نېمە ئىش قىلىدۇ؟ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرچۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇلار ھەتتا بۇنداق فىلىملەرنىڭ تىلىنى تەكشۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بۇ فىلىملەرنى كۆرۈپمۇ قويمىغان. بولمىسا بۇنداق باشباشتاقلىق، بىمەنىلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك دەررۇ چەكلىنىپ، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى دەرھال سۈرۈشتۈرۈلگەن، ھېلىقىدەك « 偿 » بىلەن « 长 »نى ئايرىيالمايدىغان ھالىغا فىلىم «تەرجىمە» قىلىپ يۈرگەن «تەرجىمان»نىڭ «تەرجىمە»سى دەرھال ئەخلەت چېلەككە تاشلانغان بولاتتى! لېكىن بۇنداق فىلىملەر كۈندىلا كۆرسىتىلمەكتە. «ئاتام ئۇ قايتىپ كەلدى»، «ئات بەيگىسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى»، «ئالتە نەپەر روسىيە قوشۇنى قازا قىلدى»، «داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى»، «100 نەپەر ئادەملەر» دېگەندەك خاتا تەرجىمە، خۇددى قېلىپتا كېسەك تۆككەندەك خەتمۇخەت ئۆرۈلگەن ئۆلۈك تەرجىمە، تەرجىمە قانۇنىيىتى ۋە مىللىتىمىزنىڭ تىل ئىستېمالى ئادىتىگە تامامەن خىلاپ تەرجىمىلەر تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىشلىرى ۋە تەرجىمە فىلىملەردە كۈنىگە ئۇزۇلمەي ئۇچراپ تۇرماقتا.

بايا ئېيتقىنىمىزدەك، تېلېۋىزىيە ئەسلىي ئېقتىدارى نۇقتىسىدىن يەنە تىل تارقاتقۇچى ۋە قېلىپلاشقان ئورتاق ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرغۇچى بىر ۋاستە تۇرۇقلۇق ئەنە شۇنداق بىمەنە، خاتا، ئۆلۈك، پەلەپەتىش، بىر ـ بەرىگە ھېچ يېپىشماي قوناق شىخىدەك شاراقلاپ تۇرىدىغان قۇرغاق، شىرىنسىز سۆز ـ جۈملىلەرنى تارقاتسا، ئانا تىلىمىزنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى، ئىپادىلەش قۇدرىتى، پاساھىتى، ئېنىقلىق دەرىجىسىگە نۇقسان يەتكۈزسە بۇنىڭ

ئاقىۋىتى قانداق نەتىجە بېرىدۇ؟ «ئانا تىل — مىللەتنىڭ مەنىۋى ۋەتىنى». ئانا تىلىمىزنى بۇزۇش ۋە بۇلغاشقا ھېچكىمگە ھوقۇق بېرىلگەن ئەمەس! يەنە كېلىپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆرسىتىشى يېقىندا ئۆزبېكىستانغا ئۇلاندى. خەقلەر بىزنىڭ تېلېۋىزىيە تىلىمىزدىكى مۇشۇنداق پەلىپەتىش، قوپال، خاتا، ئېغىر، قولاشمىغان سۆز - جۈملىلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلار قانداق چۈشىنىدۇ؟ تىل ئۆگىنىش باسقۇچىدىكى ئەۋلادلارغا بىز نېمە ئۆگەتكەن بولىمىز؟ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاپپارات ۋە باشقۇرغۇچىلار تېلېۋىزىيە تىلىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ مەسىلىلەرگە دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئابرۇيى، مەدەنىيلىك دەرىجىسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ جىددىي ۋە ئەستايىدىل قارىشى كېرەك.

سەنئەت نومۇرلىرىنى تاللاش مەسىلىسى. ھېيت - بايراملاردا تېلېۋىزىيە قانالىلىرى سەنئەت نومۇرلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. كۆرۈرمەنلەرنىڭ پىسخىك ۋە ئېستېتىك تەلىپىدىن ئالغاندا بۇ بىر ياخشى ئىش. كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئارام كۈنلىرىنى بىر خىل كەيپى چاغلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشىدە كەم بولسا ئەلۋەتتە بولمايدۇ. لېكىن ئاشۇ «تولۇپ» كېتىشلەر ئارىسىدا بەزى ناچار، سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن، سەنئەت ۋە بەدىئىي تەپەككۇردىن تولىمۇ يىراق، سۆز - تېكىستلىرى تاققا - تۇققا، كىشىگە ھېچقانداق سەنئەت زوقى بېرەلمەيدىغان ئاتالمىش «سەنئەت نومۇرلىرى»تۆكمە قىلىنىپ كۆرۈرمەنلەرنى بىزار قىلماقتا! «ئىتوت»قالپىقى بىلەن بازارغا سېلىنغان ئاتالمىش «كۈلكىنىڭ تۇرلىرى»، «سەنئەت چولپانلىرىنىڭ غەيۋەتنى قىلىش»، «ساتىراشخانىدىكى پاراڭلار»، «چايخانىدىكى پاراڭلار»، «ئۆسمىچى خوتۇن بىلەن تۇخۇمچى ئەر»، «قېتىقچى بىلەن قاقچى»، «ئارتىس بولماقچى بولغان قىز» (بۇ نومۇر يەكەن سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئەتىچىلار تەرىپىدىن ئورۇندالغان)، «قوناقلىقتا ئوت ئېلىش»... قاتارلىق ھېچقانداق بەدىئىي ۋە ئىدىيىۋى قىممىتى يوق «ئىتوت» لاردا ئەقلى ئاجىزلار قەھرىمان قىلىنغان، ئەرلىك خوتۇنلارنىڭ يوشۇرۇن ئىشقىۋازلىقى، ئىنتىلىشلىرى تەرغىب قىلىنغان، دېھقان قىزلىرى، ئەيىناق كىشىلەر ئەخلاقسىزلارچە كۈلكە دەستىكى قىلىنغان، ئىلىم ئىگىلىرى ۋە شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئوبرازى خۇنۈكلەشتۈرۈلگەن! ئوخشاپ كەتكەن چۈچۈرە - لەڭمەن مەدھىيىلەنگەن، قىلچىمۇ سەنئەت پۇرىقى يوق، يالىڭاچ ۋە تولىمۇ ئاددىي ئۇقۇملار بازارغا سېلىنغان، قولاشمىغان، چەك باسمايدىغان، كىشىنى زورلاپ كۈلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ زورۇقۇپ، كىشىلەر كۈلمىسە ساراڭدەك ۋارقىراش، كېكەچلەش، جارقىراش، كۈلۈشلەر بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۆزى «توپا چاچىدىغان»، ھەتتا سەھنىدە ئاشكارىدىن ئاشكارا ئايالنىڭ ئاغزىدىن «تەرىتىم قىستاپ، سۈيدۈكۈم كۆزۈمدىن چىقىپ كەتتى» دەپ لاۋزىلىشىدىغان تېتىقسىز ۋە بىمەنە نەرسىلەر قانداقتۇر «ئىتوت»، «لەپەر»، «سۆز ئويۇنى»، «راۋاب قوشىقى»، «كوللېكتىپ چاقچاق» قاتارلىق ناملار بىلەن ئېكرانىنى قاپلاپ، كۆرۈرمەنلەرنى ئىچ - ئىچىدىن بىزار قىلماقتا! بەزى ئىتوتلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىپلا «پالانچى ئاپتور»نىڭ بولۇپ قالماقتا!

مۇنەۋۋەر سەنئەت نومۇرلىرىنى تاللاش - سەنئەتكە ۋە كۆرۈرمەنلەرگە قىلىنغان بىر خىل ھۆرمەت ۋە جاۋابكارلىق. شۇنداق ئىكەن، تاللىغۇچىلار چوقۇم يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن گۈزەللىك، چىنلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، كىشىگە شېرىن زوق، ئۇنتۇلماس خاتىرە ۋە جۇشقۇن روھ ئاتا قىلىدىغان، كىشىلەرنى مۇھەببەت، ياخشىلىق، ئىجتىمائىي جاۋابكارلىق، دوستلۇق، ئىناقلىق، گۈللىنىش، ھاياتنى سۆيۈش، ئەۋلادلارنى گۈزەل پەزىلەت ۋە خۇلق، ئىلغارلىققا ئۈندەيدىغان نومۇرلارنى تاللىشى، كىشىلەرگە ياشاش زوقى ۋە ياشاش ئىلھامى ئاتا قىلالايدىغان ئەسقەر رېقىپ بىلەن دىلنار ئابدۇللا، ئەسقەر رېقىپ بىلەن ئامانگۈل سىدىق ئورۇندىغان لەپەرلەردەك، ئابلىز شاكىر، ئوسمان ئەمەت، ئىمىنجان يۈسۈپ، رىسالەت ھاپىز، ئايتىللا ئەلا، گۈلباھار ھامۇت، رەشىدە داۋۇت، ئەختەرنىسا ئابدۇكېرىم، ئايتۇرسۇن نىياز، ئايشىگۈل مۇھەممەد، سەنۇبەر تۇرسۇن، ئەخمەتجان ئەختەم، دىلشاد رايىدىن قاتارلىقلار ئورۇندىغان ناخشىلاردەك، «داۋانچىڭ قىزى» «كۇچا قىزى» قاتارلىق ئۇسسۇللاردەك، ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە دولان مەشرەپ مۇقامى، تۇرپان، قۇمۇل، قەشقەر، كۇچا، كورلا، ئىلى سەنەملىرىدەك، «ئاققۇ كۆلى» «پۇت چەكمە» («تىتا») ئۇسسۇللىرىدەك سەنئەت يۈكسەكلىكى، مىللى ئالاھىدىلىك، دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن، كۆرۈرمەنلەرنىڭ گۈزەللىك ئىنتىلىشىگە ماسلاشقان مۇنەۋۋەر نومۇرلار ئارقىلىق كۆرۈرمەنلەرنىڭ سەنئەت تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى بىلىشى كېرەك. «ئاز بولسىمۇ ساز بولسۇن — ھاياتى كۈچكە ئىگە بولسۇن». كۆرۈرمەنلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە ئۆلچىمى، زوقلىنىش سەۋىيىسى بەك تۆۋەن مۆلچەرلىنىپ قالمىسۇن. زورلاپ كۈلدۈرمەن دېگەنگە چاۋاك چالىدىغان كۆرۈرمەن يەنىلا ئاز ساندا ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتمايلى.

ئىلگىرىكى شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ «ئۇنىۋېرسال سەنئەت قانىلى» (5 - قانال) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن يېپيېڭى بىر قىياپەت بىلەن مەيدانغا

www.uyghurkitap.com

چىقىپ كۆرۈرمەنلەرنىڭ قىزىقىپ كۆرىدىغان قانلى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تەسىس قىلىنغان بىر قانچە پروگراما ۋە سەھىپە ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى، مەزمۇنىنىڭ موللىقى، شەكلىنىڭ ھەر خىللىقى بىلەن كۆرۈرمەنلەرنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارغا شۇ قەدەر مەنىلىك ۋە كۆڭۈللۈك سائەتلەرنى ئاتا قىلماقتا. «شادلىق سەيناسى» پروگراممىسى نەچچە يىلدىن بۇيان كۆرۈرمەنلەرگە نۇرغۇن بىلىم بەردى. كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇردى. ئۆز ئەتراپىغا قىزغىن كۆڭۈللۈك كۆرۈرمەن توپىنى ئۇيۇشتۇردى. لېكىن بۇ پروگراممىنىڭ باشقۇرۇلۇشىدا بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. ئەمما بۇ مەسىلىلەر تەرەققىيات يولىدىكى مۇقەررەر يولۇقىدىغان مەسىلىلەر بولۇپ، بۇنىڭلىق بىلەن «شادلىق سەيناسى» پروگراممىسىنىڭ تۆھپىسىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. بۇ پروگراممىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ياخشىلاش كېرەك ۋە بۇ تامامەن مۇمكىن. بىلىم بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياجغا ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىلىم تارقىتىدىغان بۇنداق بىر سورۇننىڭ بولمىقى ئىنتايىن خەيرلىك ئىش ـ ئەلۋەتتە!

بۇ پروگراممىدا بىلىم تارقىتىدىغان، پەن ـ تېخنىكا ۋە ھەر تۈرلۈك بىلىم يېڭىلىقلىرىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان، كىشىلەر بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە بەھسلىشىش ئارقىلىق كۆرۈرمەنلەرنى بىلىمگە، بىلىم ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىدىغان بىر روھتا تەربىيلەشنى مەقسەت قىلىدىغان پروگراما بولۇپ، ئاساسي مەۋقەسى پەقەت بىلىم، كۆڭۈل ئېچىش قوشۇمچە. شۇڭا كۆڭۈل ئېچىش پۇرىقى كۈچلۈك «شادلىق سەيناسى» دېگەن نامنى «پاراسەت ۋە تەلەي» دەپ ئۆزگەرتسە. يەنە كۆرۈرمەنلەرنى بۇ پروگراممىنى ئورتاق باشقۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى مۇشۇ پروگراما توغرىسىدا مەخسۇس پىكىر ـ تەكلىپ بېرىشكە ئۇيۇشتۇرسا. كۆپىنىڭ ئەقلى كۆپ، كۈتۈلمىگەن ياخشى تەكلىپ، پىلان، لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كۆپنىڭ قوللىشى ۋە ئارزۇسى بىلەن بۇ پروگراما تېخىمۇ ياخشى بىر پروگراما بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بۇ پروگراممىنىڭ ھازىرقى مەزمۇنىدىن قارىغاندا كىتابىي بىلىملەرنىڭ سالمىقى بىر قەدەر ئېغىر ۋە كۆپ. كىتابىي بىلىم ئەلۋەتتە ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇنىڭسىز بىلىمنىڭ سىستېما، سەۋىيە، سۈپەت، يېڭىلىق، تارىخىيلىق، كۆپ تەرەپلىك، نەزەرىيىۋىلىك... قاتارلىق تەرەپلەردىكى خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغىلى بولمايدۇ. لېكىن 40 مىنۇتلۇق ۋاقىت ئىچىدە باشتىن ئاخىر كىتابىي بىلىم ۋە نەزەرىيە سۆزلەنسە، سورۇننىڭ كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كۆرۈرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ، بىر قىسمىنى كىتابىي بىلىملەرگە، بىر قىسمىنى رېئال ئىجتىمائىي، ئۇنىۋېرسال بىلىملەرگە، يەنە بىر قىسمىنى بولسا تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئاجراتسا. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈردىكى سوئاللارغا سەھنىگە تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار جاۋاب بېرىشنى ئاساس قىلسا، تۇرمۇش بىلىملىرىگە تۆۋەندە ئولتۇرغان مېھمانلار جاۋاب بەرسە. پەستە ئولتۇرغان مېھمانلار سەھنىدىكى مېھمانلاردىن، سەھنىدىكى مېھمانلارمۇ ئۆزئارا سوئال سوراشسا. تۇرمۇش بىلىملىرىنىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر كەڭ ۋە كونكرېت «تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى» خاراكتېرىنى ئالغان بولسا. شۇ ئارقىلىق سەھنە بىلەن تۆۋەن، «ئەزىز مېھمان»لار بىلەن ئادەتتىكى مېھمان، رىياسەتچى ۋە تېلېۋىزور ئالدىدىكى كۆرۈرمەنلەر بىر ـ بىرى بىلەن بىر گەۋدىلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلسا، ئاندىن تېلېۋىزىيىنى «تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە، ئاممىغا يېقىنلاشتۇرۇش»دىن ئىبارەت «ئۈچكە يېقىنلاشتۇرۇش» مەقسىتىگە يېتىش، ھەمدە پروگراممىنى تېخىمۇ جانلىق، جۇشقۇن، ئەمەلىيەتچىل ۋە كىشىلەر سۆيۈپ كۆرىدىغان پروگراممىغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن. بۇنىڭدا دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر مەسىلە ـ تەكلىپ قىلىنىدىغان مېھمانلارنىڭ ئىلگىرىكى 16 ياشتىن 40 ياشقىچە ئارىلىقتىكى زىيالىي (ساۋاتلىقلار) بولۇش دېگەن قاتمال چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ياش، ئوتتۇرا ياش ۋە پېشقەدەم زىيالىي بىلىمدارلار، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋە يەنە ئىرىم ـ ئۇدۇم، ئۆرپ ـ ئادەت، تۇرمۇش ـ تىرىكچىلىك تەجرىبىسىگە باي ياشانغان ئەر ـ ئايال مۇنەججىم كىشىلەر، تۇرمۇش ساۋاتىغا پىششىق، تۇرمۇش تەجرىبىسى مول ئائىلە ئاياللىرى، ھەتتا ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارمۇ تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىسى، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى، پەم ـ پاراسەتلىرى، ئەپچىل تىرىكچىلىك يوللىرى تېلېۋىزىيىدە نامايان قىلىنىپ ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە تۇشلۇق ۋە ئۆزىگە زۆرۈر بولغان تۇرمۇش بىلىملىرىدىن نەپ ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلسا.

ئۇنىڭدىن باشقا، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش تەلىپى ئۆزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا كۆرۈرمەنلەرنى ئالىي دەرىجىلىك سەنئەت ئەسەرلىرىدىن بەھر ئالغۇزۇش، بولۇپمۇ ئېلىمىز ۋە دۇنيانىڭ شىددەت بىلەن كېتىۋاتقان مەدەنىيەت تەرەققىياتى قەدىمىگە ماسلىشىش، كۆرۈرمەنلەرنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسى ۋە سەنئەت جەھەتتىكى تەربىيلىنىشىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس ئېلىمىز، رايونىمىز ۋە دۇنيانىڭ ئالىي سەنئىتى (ئاساسلىقى مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلەر)نى تونۇشتۇرىدىغان

«كلاسسىكلاردىن بىلدۈرگۈ» ناملىق بىر پروگراما تەسىس قىلىنسا. بۇنىڭدا كلاسسىك ناخشا، مۇزىكا، سىمفونىيە، مۇزىكىلىق داستان، داڭلىق رەسىملەر، شېئىرلار -- نەسرلەر، ھېكمەتلەر تونۇشتۇرۇلسا.

سەنئەت ھېسسىياتىنىڭ سىرتلىششى بولۇپ، سەنئەتكار ھېسسىياتىنىڭ مۇزىكا، رەسىم، ھەيكەل، بىنا، بودىك(ئۇسسۇل)، شېئىر ئارقىلىق كۆرگىلى، ئوقۇغىلى، تىڭشىغىلى بولىدىغان «ماددىي» شەكلىدۇر. سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش قۇۋۋىتى قانچە كۈچلۈك بولغانسېرى ھېسسىياتىنىڭ «ماددىيلىششى» شۇنچە مەۋھۇم، شۇنچە ئابستراكت، شۇنچە يوشۇرۇن ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. دۇنياۋى كلاسسىكلاردىن بېتخوۋېن، موزات، شوبېرت جون ستراۋس ۋە چايكوۋسكىيلارنىڭ سىمفونىيىلىرى، دۇنياۋى مەشھۇر مۇزىكىلىرى، پىكاسسو، ۋانگوگ، بوتىكىللىي، دۇرېر، رېمبىرلاند، مىللىت، دىكلارويكى قاتارلىق مەشھۇر رەسساملارنىڭ رەسىملىرى، ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئاھاڭلىرى، ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرلىرىمىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋائىي، ئاتائىي، سەككاكىي، لۇتفىي، ئەھمەد يۈكنەكىي... لەرنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى دۇنيا ئەدەبىيات -- سەنئىتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدۇر.

بۇ ئەسەرلەر ناھايىتى چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىك ھەم تولىمۇ بۈيۈك سەنئەت ۋە پىكىر يۈكسەكلىكىگە ئىگە ئالىي دەرىجىلىك سەنئەتتۇر. بۇ ئەسەرلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن مۇئەييەن، ھەتتا خېلىلا مۇكەممەل بىلىم ۋە ساپا كېرەك بولىدۇ. مەلۇم نىسبەتتىكى (قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى!) جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مۇشۇنداق ئالىي دەرىجىلىك سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوق ئالالايدىغان ۋە ئۇ ئەسەرلەردىكى گۈزەل پىكىرلەرنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى، شۇ جەمئىيەت، شۇ مىللەت ۋە شۇ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ خېلىلا مۇكەممەل، مەدەنىيلىك دەرىجىسىنىڭ خېلىلا يۇقىرى، ئاھالە ساپاسىنىڭ خېلىلا ئەلا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق سەۋىيىگە يەتمىگەن جەمئىيەت، مىللەت ۋە دۆلەتنى چىن مەنادىكى مەدەنىي جەمئىيەت، مەدەنىي مىللەت ۋە مەدەنىي دۆلەت دېگىلى بولمايدۇ. ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېستېتىك زوقى دەرىجىسى ۋە سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىش پىسخىكىسىدىن قارىغاندا، بىز ھازىرچە چىن مەنىدىكى مەدەنىي مىللەت پەللىسىدىن خېلىلا، ھەتتا بەكلا يىراق تۇرىمىز. بەزىلىرىمىز نەدىكى بىر يىغلاڭغۇ، چۈشكۈن، زەيپانە، ئىنجىق، غىلجىڭ «ناخشىچىلار»نىڭ تەۋەلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان «ناخشىلىرى»دىن «مەست» بولۇپ خۇدىمىزنى يوقىتىمىزۇ، دۇنياۋى شۆھرەتلىك ناخشا چولپىنىمىز دىلبەر يۇنۇسنىڭ ناخشىسىغا بولسا تۈزۈك چاۋاك چالغىمىزمۇ كەلمەيدۇ. مۇشۇ كىچىككىنە سېلىشتۇرمىدىنلا بىزنىڭ ئېستېتىك زوقىمىزنىڭ سەنئەت مۇنارىنىڭ قانچىنچى پەشتىقىدا مۆگدەپ ياتقانلىقىنى ئېچىنىش ئىچىدە بايقىيالايمىز. ئىشىنىمەنكى، مۇبادا مۇزات، بېتخوۋېنلار بىر كارامەت بىلەن تىرىلىپ ئۈرۈمچىدە مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ قالسا، زالغا كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇخلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بۇلا ئەمەس، ئاتا كۈيىمىز مۇقام سەھنىدە ئورۇندىلىۋاتسا ئارقامدا ئولتۇرغان ئىككى نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى (بۇ كەچلىك شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلىۋاتاتتى) قىز -- يىگىتنىڭ يۈزىنى داپتەك قىلىپ: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق چاڭچىلىسىغا ۋاقتىنى زايە قىلغىچە تالاغا چىقىپ ئۆزىمىزنىڭ ‹ئىشى›نى قىلايلى» دېيىشىپ چىقىپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن!

سەنئەتتىن زوقلىنىش ۋە ھۇزۇرلىنىش پىسخىكىسى، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەشكە موھتاج. بۇ ئەسلىدە مائارىپىمىزنىڭ باش تارتىپ بولماس ۋەزىپىسى ئىدى. ئەپسۇسكى كىشىلەرنى ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەللاشتۇرىدىغان، خۇي -- خۇلقىنى تاۋلاپ گۈزەللەشتۈرىدىغان، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىلىم زاپىسىنى موللاشتۇرىدىغان بۇنداق خەيرلىك مۇھىم ئىش ئادەتتىكى مائارىپىمىزنىڭ يادىغا تېخى تۈزۈك يەتكىنى يوق! تېلېۋىزىيە بۇ جەھەتتىكى تەخىرسىزلىكنى تونۇپ، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى مەردانىلەرچە ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى لازىم. كاتتا ئەسەرلەردىن تاللاپ، داڭلىق نوپۇز ئىگىلىرىنى ئېكرانغا چىقىرىپ، شۇ ئەسەرلەر ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىچكى يوشۇرۇن مەنە ۋە پىكىرلەرنى ھەمدە ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە، سىمۋول بىلەن سىمۋول قىلىنغۇچىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېچىپ بېرىشكە، ئاھاڭ، رەڭ، ھەرىكەت ۋە قۇرۇلما تىلى ئارقىلىق سۆزلىنىۋاتقان ۋەقەلەرنى بايان قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالىي سەنئەتنى چۈشىنىش، ھۇزۇرلىنىش ئىقتىدارىنى پەيدىنپەي يېتىلدۈرۈپ، پەرۋىش قىلىپ يېتەكلەشكە تەكلىپ قىلىشى لازىم. تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى تېلېۋىزىيە بىلەن كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئىستەك ۋە خاھىشلىرىنىڭ ئورگانىك بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ھەممىمىز تېلېۋىزىيە بىلەن مەھكەم قول تۇتۇشۇپ، تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ قوشايلى.

ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى



# ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ مەكتىپى «مەشرەپ» يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولسۇن

——شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەشرەپ»پروگراممىسىنى كۆرۈپ...

**ئاتىكە زەمرىي**

مەشرەپ ئۇيغۇرخەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت مىراسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ خەلق سەنئەتچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ، ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكىللىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرىدىغان بىباھا سورۇن. يەنى مەشرەپتە ئەل ئىچىدىكى ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل، كومېدىيە، ئەلنەغمە قاتارلىق خەلق سەنئەت ژانىرلىرى بېيىتىپ ئو-رۇندىلىنىپ ۋە ئوينىلىپ، شۇ ئارقىلىق چوڭلاردىن كىچىكلەر ئۆگە-نىپ، ئۇلار يەنە كېيىنكىلەرگە ئۆگىتىپ، ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا تېخىمۇ بېيىتىلىپ ھەم مۇكەممەللىشىپ، دەۋردىن دەۋرگە گوياكى تەنھەرىكەتچىلەر كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرگەنگە ئوخشاش ئۇلىنىپ، خەلق سەنئىتى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈلگەن.

يېقىندىن بۇيان تېلېۋىزوردا ھەر شەنبە كۈنى كەچتە بىر سائەت «مەشرەپ» پروگراممىسنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. بۇ مەشرەپ سو-رۇنلىرى ھەر بىر يۇرتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك سەنئىتىنى نامايان قىلىدىغان، شۇنداقلا خەلق سەنئەتچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ ۋە ياكى بۆشۈك بولغان بۇ سورۇن ئۆز ئالاھىدىلىكى، ئويۇن تۈرلىرىنىڭ خىلمۇخىل-لىقى، قىزىقارلىقلىقى ۋە رەڭدارلىقى بىلەن ھەممىمىزگە بەدىئىي زوق ئاتا قىلماقتا.

مەن سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئۇسسۇل سىنىپىدا ئوقۇۋاتقىنىمدا 1957 ـ يىلى ئىيۇلدا ـ يازلىق تەتىل مەزگىلى ئۇستازلىرىم قەمبەر

خانىم، زەينەپ سابىت خانىم، رەنا مەخسۇت خانىملارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن خەلق سەنئەتچىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ خەلق سەنئىتى ۋە تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە مەكىت ناھىيىسىگە بارغانىدۇق. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ بىزنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىغا ئېلىپ بېرىپ كەچتە مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. ئۇ چاغلاردا جاھان بۇگۈنكىدەك تەرەققىي قىلمىغان، تېخى ئۇ يۇرتلاردا ئېلېكتر چىراغلىرى يوق يىللار ئىدى. مەشرەپ سورۇنىغا گۈلخانلار يېقىلغان، گازۋاي چىراغلار ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى. مەيدان ئۇنچە چوڭ ئەمەس، پەقەت يېزىدىكى مەكتەپنىڭ توپ مەيدانى بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن دېھقانلار بىردەمدىلا سورۇننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، مەشرەپنىڭ باشلىنىشىنى كۈتمەكتە. بۇ سورۇنغا ھېچقانداق تەرتىپ باشقۇرغۇچى كەتمىدى. ھەر بىر ئادەم سورۇنغا كېلىپ ئۆزىگە قايسى ئورۇن تەگسە شۇ ئورۇندا ئولتۇراتتى. يىگىتبېشى: ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن قەمبەر خانىم باشلىق مېھمانلار شەنىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان مەشرەپنى ھازىر باشلايمىز، دېگەندە مەيداننى گۈلدۈراس چاۋاك قاپلىدى. چاۋاك چېپىدە توختىشى بىلەن قاتار تىزىلغان داپچى، راۋاپچى (دولان راۋىپى)، غېجەكچى، قالۇنچىلار چالغۇلارنى بىر خىل ئاھاڭغا چېلىشقا باشلىدى. چاچ - ساقاللىرىغا ئاق سانجىلغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ داپنى ئالدى - ئارقىسىغا ئويىنتىپ تۇرۇپ ناخشا باشلىدى:

جاھاندا ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئاتى ئۆچكەيمۇ،
يامانلىق قىلغان كىشىنى قايان باردىڭ دېمەس ھېچكىم.

ناخشىچى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ناخشا ئېيتماقتا، ئۇنىڭ گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. بۇ دولان ئۇسسۇلىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، مۇقەددىمە تۈگىگەندىن كېيىن مۇزىكا ئۆزگەردى. ئىككىنچى مۇزىكا «چېكىتمە» دەپ ئاتىلاتتى. مۇقەددىمە ئاخىرلىشىپ «چېكىتمە» باشلىناي دېگەندە تەرەپ - تەرەپتىن كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، جۈپ - جۈپ بولۇپ تۇرۇشتى. «چېكىتمە» باشلىنىش بىلەن گوياكى بىر ئادەم تەشكىللەپ قويغاندەك بىر خىل پۇت قەدەم، بىر خىل قول ھەرىكىتى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى:

باردى دەيدۇ، ۋاي ياندى دەيدۇ، مەيلىم ئۆزۈمنىڭ،
سەكسەن قامچا ۋاي ئۇرغان بىلەن يارىم ئۆزۈمنىڭ...

100 _ 200 ئادەم ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇسسۇل ئويۇنغۇچىلارنىڭ پۇت - قول ھەرىكەتلىرى بىر خىل رىتىمغا شۇنداق ياخشى چۈشەتتى. ئۇسسۇل تۆت كۇپلېت «چېكىتمە» ئاھاڭغا ئويىنىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇزىكا ئۆزگىرىپ «سەنەم» ئاھاڭى باشلاندى. ئۇسسۇلچىلار گوياكى مەخسۇس تەربىيىلەنگەندەك بىر خىل پۇت قەدەم، بىر خىل قول ھەرىكىتى، بىر خىل رىتىم ۋە ھەرىكەت بىرلىكىدە سەنەم تارتىشتى:

كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ، كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلارنى ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ؟...

دېگەندەك تۆت كۇپلېت شېئىر سەنەم ئاھاڭدا ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مۇزىكا ئۆزگىرىپ «سەنقەس» (سەلقە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئاھاڭغا يۆتكەلدى:

ۋاي سەھرامۇ سەھرا ئۆرگىلەي ۋاي كۆرگىلى كەلدىم،
ياخشى يارىمنى ئۆرگىلەي ۋاي سۆيگىلى كەلدىم...

قاتارلىق تۆت كۇپلېت شېئىر «سەنقەس» ئاھاڭدا ئوقۇلدى، ئۇسسۇلچىلارمۇ نەغمە رىتىمغا ماسلاشتۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەغمە «سىرىلما» ئاھاڭغا ئۆزگەردى:

ۋاي سېنىڭ جېنىڭ، ۋاي مېنىڭ جېنىم ئاللا يارەي،
بىرجان ئەمەسمۇ ۋاي باغ بىلەن بوستان.
ۋاي سېنىڭ ئۈچۈن ۋاي مېنىڭ جېنىم ئاللا يارەي،
قۇربان ئەمەسمۇ ۋاي يار بىلەن چوكان.
ۋاي ئاتلىق بېرىپتۇق، ۋاي ياندۇق پىيادە،
ۋاي قانداق قىلارمىز ئۆرگىلەي ۋاي تەقدىر ـ ئىرادە...

دېگەن ناخشىنىڭ تەكرار ئېيتىلىشىغا ئەگىشىپ «سىرىلما» ئۇسسۇلىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، بۇ ناخشا ئاخىرىدىكى «ھوي، ھوي، ھوي...»غا زىچ ماسلىشىپ «دولان چۆرگىلىمىسى» قاتارلىق ئۇسسۇلنىڭ تېخىمۇ قىزغىنلىققا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۇق. مەن تېخى ئۇ چاغلاردا 13 _ 14 ياشلاردىكى كىچىك قىز ئىدىم. بۇنداق كاتتا مەشرەپ سورۇنىنى، بۇنداق نەچچە يۈز ئادەم بىر ئادەمدەك ئۇسسۇل ئوينايدىغان بۇنداق چىرايلىق ئۇسسۇلنى تېخى تۇنجى كۆرۈشۈم ئىدى.

ئۇسسۇلنى كىچىكىمدىن ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ يىغلاپ كەتكەنىدىم. ئاپئاق ساقال بوۋايلار ئاپئاق چاچلىق مومايلار، نەۋقىران قىز - يىگىتلەر ھەتتا ياش ئۆسمۈرلەرمۇ بۇ سورۇندا ئۇسسۇل ئويناپ يۈرەكلىرىنى لەرزىگە سالغانىدى.

بىز مەشرەپ سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ خەلقتىن بۇ ئۇسسۇلنى ئۆگىنىشتىن كېيىن شۇنى بىلدۇقكى، دولان ئۇسسۇلى دولان ئۇيغۇرلىرى مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئويناش ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە مۇشۇنداق مۇكەممەل شەكىل، قۇرۇلما، رىتىمغا ئىگە بىر ئۇسسۇل بولۇپ ساقلىنىپ، داۋاملىشىپ كەلگەن. دېمەك، دولان ئۇسسۇلى ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ دولان مەشرەپ مۇقاملىرى بىلەن زىچ بىرىككەن، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇكەممەل شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۇسسۇل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدۇق.

دېمەك، دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلمىسى بار بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ساما ئۇسسۇلى»، «سەنەم ئۇسسۇلى»، «شادىيانە ئۇسسۇلى»، «نازىركوم ئۇسسۇلى»غا قارىغاندا شەكىل، قۇرۇلما جەھەتتىن ئالاھىدە تۇرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولىدۇكى، بۇ ئۇسسۇل 1. چېكىتمە، 2. سەنەم، 3. سەنقەس، 4. سىرىلما ۋە خاتىمە قاتارلىق تۆت ھەرىكەت ـــ شەكىل بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان. دولانلار بۇ ئۇسسۇلنى مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئويناش ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرغان.

1984 ـ يىلى مەن قەشقەر ۋىلايىتى ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىدا ئىشلەۋاتقىنىمدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەملىكەتلىك سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى چۈشۈرگەن «جۇڭگو خەلق مىللىي ئۇسسۇللىرى توپلىمى ـ شىنجاڭ تومى ـ قەشقەر خەلق ئۇسسۇللىرى»نى يېزىش ئۈچۈن قەشقەردىكى ئاتاقلىق ئۇسسۇل پېشۋالىرىدىن خەيرىنسا تۆلەندى، رابىيەم ئۆمەر، تونۇلغان كومپوزىتور ئابلەت ئابدۇللا، رەسسام، ھەيكەلتىراش ئەبەيدۇللا مۇھەممەتلەر بىلەن خەلق ئۇسسۇللىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، قەلەمگە ئېلىش ئۈچۈن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيە (شەھەر)نىڭ 29 يېزا ـ كەنتىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بۇ جەرياندا قاتناشنىڭ قۇلايسىزلىقى، راسخوتنىڭ كەمچىل بولۇشىدەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئۇسسۇلچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىدىن «ساما ئۇسسۇلى»، «شادىيانە ئۇسسۇلى»، «دولان ئۇسسۇلى»، «سەنەم ئۇسسۇلى»، «نازىركۇم ئۇسسۇلى» قاتارلىق بەش چوڭ ئۇسسۇل ۋە نازىركۇم تىپىغا كىرىدىغان نىقابلىق ئۇسسۇللاردىن «تۆگە ئۇسسۇلى»، «كەپتەر ئۇسسۇلى»، «شىر ئۇسسۇلى» قاتارلىق 62 خىل ئۇسسۇلنىڭ، تاجىك خەلق ئۇسسۇللىرىدىن «چاپسۇز ئۇسسۇلى»، «مەيلىس ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئىككى چوڭ ئۇسسۇلنىڭ، يەنە ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغان «ئارغىماق ئۇسسۇلى»، «بۈركۈت ئۇسسۇلى» قاتارلىق 20 خىل ئۇسسۇلنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئوينىغان 200 كىشى ئورۇندىغان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدىن 910 پارچە سۈرەت تارتىپ، ئۇسسۇللارنىڭ ھەرىكەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قالدۇق. بۇ ئۇسسۇلچىلار ھازىر ئاساسەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇسسۇلچىلاردىن ئۇلار ئوينىغان ئۇسسۇللارنى قەيەردە، كىمدىن ئۆگەنگەن دەپ سورىساق، ھەممىسى بىردەكلا مەشرەپ ۋە بەزمە ـ باراۋەت، توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ ئايەم، سەيلە ـ ساياھەت، تاۋاب سورۇنلىرىدا ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىشتى.

ھەممە يەردە ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئىش ـ ئەمگەكنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرى ـــ قىش، كەچ كۈز، باش ئەتىياز پەسىللىرىدە، كۆزلۈك ئورۇمدىن كېيىنكى مول ھوسۇل تەنتەنىلىرىدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنىڭ شاد ـ خۇراملىقىنى ئىپادىلەپ، ئەمگەك جىددىيچىلىكىدىن كېيىنكى ھارغىنلىقلىرىنى چىقىرىپ روھىي ھالىتىنى تەڭشەپ، يەنە قىزغىن ئەمگەك قايىنىمىغا چۆمۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىقلىدۇق. مەشرەپ ئەسلىدە كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىنى ئالغان سورۇن بولسىمۇ، ئۇ ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت مىراسلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرىدىغان، خەلق سەنئەتچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان سەنئەت مەكتىپى، شۇنداقلا خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئەخلاقىي پەزىلەت، ئىنسانىي غۇرۇر بىلەن تەربىيىلەپ، ئادەمگە ئىنساب، دىيانەت، شۇنداقلا ئىنسانىي ياشاش قىممىتىنى ئۆگىتىدىغان، يامان ئادەم، يامان ئادەت، ئىللەتلەرنى قامچىلاپ، ياخشى پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلەيدىغان مۇھىم پائالىيەت سورۇنى بولۇپ كەلمەكتە.

مانا بۈگۈنكى كۈندە تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا مەشرەپ سورۇنلىرىنى كۆرۈپ ھوزۇرلىنىۋاتىمىز.

«مەشرەپ» پروگراممىسى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ بارماقتا. مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى ياخشى باشلىنىش. بۇنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىتىلسا، ئىجادىي ئەسەرلەرمۇ ئوينالسا، ئوقۇلسا، خەلق سەنئەت شەكىللىرىمۇ كۆپرەك نامايان قىلىنسا. مەشرەپنى خەلق سەنئىتىنىڭ مەكتىپى دېگەنىكەنمىز، خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى، خەلق ئۇسسۇللىرى، خەلقنىڭ قىزىقچىلىق ـ كومېدىيىلىرى، ئەلنەغمىلىرى ئوقۇلۇپ، ئوينالسا، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنسە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل بولارمىكىن دەيمەن. چۈنكى «مەشرەپ» خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەربىيىلەپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت مىراسلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرىدىغان ئەڭ ياخشى سورۇن بولغانلىقى ئۈچۈن «خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى»، «سەنئەت بۆشۈكى» دەپ شۆھرەتلەنگەن. شۇڭا «مەشرەپ» مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، رەڭدارلىقىنى ئاشۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، يېڭى ئەسىردە خەلقىمىزگە يېڭىچە روھ ئاتا قىلىپ، سەنئەت بېغىمىزنى تېخىمۇ خۇشپۇراق گۈللەرگە تولدۇرسا «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قويغاندەك تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولغان بولار ئىدى. مانا بۇ بىزنىڭ «مەشرەپ» پروگراممىسىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز.

* ئىزاھات: ھەر بىر ئۆزگىرىشلىك ئاھاڭ تۆت كۇپلېت دېگىنىمىزدە ھەر ئىككى مىسرا شېئىر بىر كۇپلېت ھېسابلىنىدۇ، تۆت كۇپلېت سەككىز مىسرا شېئىردۇر.

---

ئاپتور: (تاجىك)، قەشقەر ۋىلايىتى ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، ئەدىبە، ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى، ھازىر پېنسىيەدە

## بۇ ساندىكى ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: زۇنۇن باقى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1- قۇرۇلتىيىدىن كۆرۈنۈشلەر













بەختى ياقۇپ فوتوسى

رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1- قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى

— بەختىيار ياقۇپ فوتوسى




《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管：新疆维吾尔自治区文化厅

主办：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008-6498

国内统一刊号：CN65-1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, china

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地址：乌鲁木齐市团结路72号

邮编：830001 电话：(0991) 2856942

印刷：《新疆日报》印务中心

发行：乌鲁木齐市邮局

订阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2005- يىل 1- سان

(قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)

باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72- قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2856942 (0991)

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22-58 باھاسى: 5 يۈەن